# ئىزدىنىش

(تاللانما)

4 1996

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1996-يىل 4-سان

(ئومۇمىي 94-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 3-، 4-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە


**چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرايلى ............... ۋېي جيەنشىڭ (2)**

**ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرەيلى**
**........................................................................ چېن` جىنخۇا (16)**

ماركسىزمدىن كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىغا نەزەر .................. **چېن جىشالىڭ (23)**

چەتتىن كىرگۈزۈش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم
**........................................................................ لى زۈگشۇ (37)**


**★4-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

www.uyghurkitap.com

# چېرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ كۆچىنى يەنىمۇ ئاشۇرايلى

ۋېي جيەنشىڭ

1995-يىلى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چېرىكلىككە قارشى كۈرەشنى داۋاملىق مۇھىم ئورۇنغا قويدى. يىل بېشىدا، يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنى ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، چېرىكلىكنى چەكلەش، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىشكە چاقىردى؛ گوۋۇيۈەن چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا يولداش لى پېڭ چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، 1995-يىلى چېرىكلىككە قارشى كۈرەش تېخىمۇ داغدۇغىلىق، تېخىمۇ كۈچلۈك ئىلگىرىلەپ، خېلى روشەن ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىياتلار قولغا كەلتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يولداش كۆڭ فەنسېننىڭ ئۈلگىلىك ئىش-ئىزلىرىنى ئۆگىنىش، ۋاڭ باۋسېننىڭ جىنايەت سادىر قىلىش ۋە يولداش چېن شىتوڭنىڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈش سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، كەڭ كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆلچەمدىن يۇقىرى پىكاپلاردا ئولتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاش ۋە ھۆكۈمەت پۇلىغا "يەپ-ئىچىش، ئويناش، كۆڭۈل ئېچىش" ئەھۋاللىرىنى توسۇش جەھەتتىكى مەخسۇس ئوڭشاش خىزمىتىدە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىندى، پاك-تەلەپچان بولۇشقا دائىر تۈزۈم قۇرۇلۇشىمۇ كۈچەيتىلدى.

ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. 1995-يىلى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بىر تۈركۈم چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلدى، بولۇپمۇ مەركەزنىڭ چېن شىتوڭ، ۋاڭ باۋسېنلارنىڭ مەسىلىسىنى

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىشى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىدە مۇھىم ئۈلگىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. 1995-يىل 1-ئايدىن 11-ئايغىچە، مەملىكەت بويىچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى دېلو ئاچقان ئەنزە جەمئىي 122 مىڭ 476گە يېتىپ، 1994-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 5.1% ئاشتى؛ ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا چېتىلىدىغان ئەنزە 4813 بولۇپ، 1994-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 6.5% ئاشتى؛ جازا كۆرۈلگەن ئادەم 102 مىڭ 317 نەپەر بولۇپ، 1994-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 7.5% ئاشتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىك كادىر 3084 نەپەر، ۋىلايەت (نازارەت) دەرىجىلىك كادىر 279 نەپەر، ئۆلكە (جۇ) دەرىجىلىك كادىر 24 نەپەر بولۇپ، بۇلار 1994-يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 29.2%، 43.8% ۋە 166.7% ئاشتى. ئامىمنىڭ پاش قىلىش ئاكتىپلىقى كۈچەيدى، پاش قىلىش خەتلىرىنىڭ سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. جايلار ۋە تارماقلار تاشيوللاردىكى "ئۈچ قالايمىقان"نى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش خاھىشلىرىنى ۋە دېھقانلاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش، دېھقانلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىش مەسىلىسىنى كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئوڭشاپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە مۇستەھكەملىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز رايونى ۋە تارمىقىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، ئەستايىدىل تۈزەتتى. "كىچىك خەزىنە"نى ئېنىقلاش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1995-يىلى 10-ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، مەملىكەت بويىچە جەمئىي 1 مىليون 760 مىڭدىن ئارتۇق كارخانا ۋە ئىدارىدە ئۆز-ئۆزىنى ئېنىقلاش-تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 210 مىڭ كارخانا ۋە ئىدارە نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. "كىچىك خەزىنە" مەبلىغىدىن 4 مىليارد يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيەگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پۇل 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولۇپ، 800 مىليون يۈەن پۇل خەزىنىگە قايتۇرۇلدى.

قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنىڭ كۈچى ئاشۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى يېقىندىن دەۋر قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتقان ھالدا قانات يايدۇردى. بولۇپمۇ دېھقانلارنىڭ سېلىقنى يەڭگىللىتىش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش-تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇردى، دۆلەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، دۆلەت مۈلكىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ئۇنۇم جەھەتتىن نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، بيۇروكرات-لىق قىلىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋەقەلىرىنى

تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، روشەن ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈردى.

1995 -يىللىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ساقلانغان مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈشمىز كېرەك، بۇ مەسىلىلەر ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا، تەخىرسىزلىكىگە بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىدى، ئىرادىسى كۈچلۈك بولمىدى، خىزمەتنىڭ كۈچى تازا يېتەرلىك بولمىدى، شۇ سەۋەبتىن، مەركەز ئورۇنلاشتۇرغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىلىرى بەزى جايلاردا ۋە تارماقلاردا دېگەندەك ئوبدان ئەمەلىيلەشمىدى؛ بەزى رەھبىرىي كادىرلاردا ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تۈزىتىش جەھەتتىكى ئاڭلىقلىق يېتەرسىز بولدى، بەزى تارماقلار ۋە ئىدارىلەردە دېموكراتىك تۈرمۇش يىغىنلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولمىدى؛ بەزى چىرىكلىك ھادىسىلىرى ھېلىھەم ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، يېقىندىن بۇيان بەرگەن ئەنزىلەر خېلى زور سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ؛ بەزى ناتوغرا ئىستىللار بۇ ياقتىن تۈزىتىلىپ تۇرسا، ئۇ ياقتىن قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتىدۇ؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتە مۇرەككەپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىشى يېتەرسىز بولۇۋاتىدۇ ۋەھاكازالار. بۇ ئەھۋاللار شۇنى بىلدۈرىدۇكى، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى ھېلىھەم كەسكىن، ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۈل، يېڭى بىر يىلدا خىزمەتنىڭ كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆتكەن بىر يىللىق خىزمەت جەھەتتە شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي ئىشلەپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ بەزى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنى خۇلاسىلەپ ۋە تېپىپ چىقتى. مەسىلەن، ئەمەلىيەت داۋامىدا پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت تەڭ تۇتۇپ بىللە باشقۇرۇش، ئاساسلىق رەھبەر بىۋاسىتە تۇتۇش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش، تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئاممىنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا تايىنىش ئاساسىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش رەھبەرلىك مېخانىزمى ھاسىل قىلىندى؛ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، كەڭ كادىرلار ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەندى. ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ چوڭ-چوڭ شەخسىي ئىشلىرىنى تەشكىلگە مەلۇم قىلىش، كادىرلارنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش، مۇھىم خىزمەت ئورۇنلىرىدا كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تۇرغۇزۇش، پاكلىق جەھەتتىن تەكشۈرۈش، پاكلىق ئارخىپى تۇرغۇزۇش

ئىزدىنىش (ئاللانما)

قاتارلىق ئۇسۇللار ئومۇملاشتۇرۇلدى؛ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، دائىملىق تەكشۈرۈش بىلەن زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرۈش، ئاشكارا تەكشۈرۈش بىلەن يوشۇرۇن تەكشۈرۈش، مەخسۇس نازارەت قىلىش ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن كەسپىي تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈشى بىرلەشتۈرۈلگەن خىلمۇخىل ئۇسۇلدىكى مەخسۇس تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى يولغا قويۇلدى؛ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، رېۋىزىيە ئورگىنى، مۇپەتتىشلىك ئورگىنى قاتارلىق تارماقلار بىر-بىرىنىڭ ئىش تەقسىماتىغا دەخلى يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىلمۇخىل ۋاستىلەرنى ھەر تەرەپلىمە قوللىنىپ، چوڭ ئەنزە ۋە مۇھىم ئەنزىلەرنى پاش قىلىش جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلدى؛ مەخسۇس ئورگانلارنىڭ نازارەتچىلىكى بىلەن ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكى بىرلەشتۈرۈلدى، ئامما ھۆكۈمەت ئىستىلى ۋە ساھەلەر ئىستىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە سەپەرۋەر قىلىندى، ئامما قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى پاش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇلدى ۋە پاش قىلغۇچى ئامما قوغدالدى، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى، پارتىيە ئىستىلى نازارەتچىلىرى، ئالاھىدە نازارەتچىلەر تەكلىپ قىلىنىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتۇرۇلدى، تەشۋىقات تارماقلىرى ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ناچار كەيپىياتنى توسۇپ، جەمئىيەتتىكى رەزىل قىلمىشلارنى ئېچىپ تاشلىدى، شۇ ئارقىلىق چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى مۇستەھكەم ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە قىلىنىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى.

1996-يىلى 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان يولغا قويۇلىدىغان تۇنجى يىل، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق جەھەتتىكى ۋەزىپىلەر ناھايىتى ئېغىر، بۇ ھال چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە ۋە پارتىيە ئىستىلى ھەم پاكلىق قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەرنى قويىدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ خىزمىتىدىن ئىبارەت ئومۇمىيلىقنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساس قىلىپ، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلىشى كېرەك. ئومۇمىي تەلەپ: يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى تولۇق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى چىقىندىن چۆرىدەپ، چىرىكلىك-

www.uyghurkitap.com

كە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك خىزمەت ئەندىزىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى ۋە پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، تۈپ ئاساسىدىن تۈزەش بىلەن يۈزەكى تۈزەشكە تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا بەلگىلەنگەن ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ 1996-يىللىق فاڭجېن، ۋەزىپىلىرىنىڭ نەق ئەمەلىيلىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ ئوڭۇشلۇق يۈرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىشتىن ئىبارەت.

بۇ ئومۇمىي تەلەپكە ئاساسەن، بۇ يىل تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە خىزمەتنى نۇقتىلىق ھالدا ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم.

## (1) رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. بۇنىڭدا مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى خىزمەتنى نۇقتىلىق تۇتۇش لازىم.: ھۆكۈمەت پۇلىغا "يەپ-ئىچىش، ئويناش، كۆڭۈل ئېچىش" ئەھۋاللىرىنى توسۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىشنى مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتىن باشلاش، قولغا ئالغان نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش، يۇقىرىقىدەك خاھىشلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشىدىن ساقلىنىش؛ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئۆلچەمدىن يۇقىرى پىكاپلارغا ئولتۇرۇش ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاپ رەتكە سېلىش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، نۇقتىلىق ھالدا قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىش، رەھبىرىي كادىرلارغا ماشىنا سەپلەپ بېرىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئېنىقلاپ چىقىلغان پىكاپنىڭ ھەممىسىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش؛ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-يىغىنىدىن بۇيان رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆي-جاي مەسىلىسى ھەققىدە چىقىرىلغان بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، رەھبىرىي كادىرلاردا ئولتۇرۇق ئۆي، ئۆي سېلىش، ئۆي سېتىۋېلىش، ئۆي زىننەتلەش جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش مەسىلىلىرىنى كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ھەل قىلىپ، بۇ خىزمەتتە يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى ھاسىل قىلىش.

ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا سىياسىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ۋە پاك-تەلەپچان بولۇش جەھەتتە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۇلاردىن ھەم سىياسىي جەھەتتە قەتئىيلىكنى ساقلاش، ھەم ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتە پاكلىقنى ساقلاشنى تەلەپ قىلىش كېرەك.

سىياسىي ئىنتىزام جەھەتتە: ئاڭلىق تۈردە مەركەزنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، سىياسىي جەھەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش، يەرلىك قورۇقچىلىققا

ۋە تارماقلار قورۇقچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مەركەزنىڭ مەمۇرىي بۇيرۇقلىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئومۇمەن چوڭ-چوڭ سىياسەت بەلگىلەش، مۇھىم كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، مۇھىم تۈرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كۆپ سوممىلىق مەبلەغ ئىشلىتىشكە ياتىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە كوللېكتىپنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قارار چىقىرىش لازىم. شەخس ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن بەلگىلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدىغان، ساختىپەزلىك، كۆپتۈرمىچىلىك قىلىدىغان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە زىت سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى توسۇش، لىبېرالىزمغا قارشى تۇرۇش، پىتنە-پاسات تارقىتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىش قاتارلىق پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇش كېرەك. سىياسىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلارنى ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

پاك-تەلەپچان بولۇش جەھەتتە: بىرىنچىدىن پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىش، مەركەزنىڭ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشى توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىش، ئومۇمەن قول ئاستىدىكى كادىرلارنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ باشقىلارنىڭ قىلىشنى چەكلىگەن ئىشلارنى ئۆزى قەتئىي قىلماسلىق كېرەك. ئىككىنچىدىن رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەرنى ئوبدان باشقۇرۇش ھەمدە ئۆزى باشقۇرىدىغان رايونلار، ئورۇنلارنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ۋە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەردە ۋە باشقۇرىدىغان رايونلار، ئورۇنلاردا ئېغىر چىرىكلىك مەسىلىسى كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا ئاساسىي رەھبەرلەرنىڭ بيۇروكراتلىق قىلغانلىقى، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقى، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى سەۋەبچى بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن ئۆزىنىڭ جورىسى، پەرزەنتلىرى ۋە يېنىدىكى خىزمەتچىلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش، ئۇلاردىن قانۇن-ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلار چىقىپ قالسا، رەھبىرىي كادىرلار جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؛ ئۇلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويغان، ئۇلارنى قانات ئاستىغا ئالغان ھەتتا ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن رەھبىرىي كادىرلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

«پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كىرىمىنى مەلۇم قىلىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»، «پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقىدە قوبۇل قىلغان سوۋغاتنى تىزىملاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلە-

مە» ، «دۆلەت كارخانىلىرىدا كەسپىي جەھەتتىكى كۈتۈۋېلىش خىراجىتىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى ئىشـ
چى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» قاتارلىق
ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. بۇ يىل «پارتىيە-ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدىكى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چوڭ-چوڭ شەخسىي
ئىشلىرىنى دوكلات قىلىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»نى يولغا قويۇپ، پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى
پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش يولىغا سېلىش لازىم.

ناھىيە (شەھەر)گە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار، يېزا-بازار رەھبىرىي كادىرلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام پونكىت-ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشى توغرىسىدىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىسى بويىچە داۋاملىق ھالدا ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى تەكشۈرۈپ، ھەقىقىي تۈزىتىشى كېرەك. ناھىيىلىك (شەھەرلىك) پارتكوم بۇ كادىرلارنىڭ ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تۈزىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشى لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلار مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشى توغرىسىدا چىقىرىلغان تۆت تۈرلۈك بەلگىلىمىسىگە ۋە ئالاقىدار تۈزۈملەرگە ئاساسەن داۋاملىق ھالدا ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تۈزىتىشى كېرەك. كەسپىي ئورۇنلاردىكى رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى ياكى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن داۋاملىق ھالدا ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تۈزىتىشى كېرەك. كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ بۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشىدا كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىش لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، شەخسلەر ئۆزىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزى تەكشۈرۈپ تۈزىتىش، تەشكىلدىن تەكشۈرۈش، ئامما مۇزاكىرە قىلىپ باھالاش، ئىنتىزامنى قاتتىق ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت تۆت ھالقىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا پاك-تەلەپچان بولۇشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىش، ھەر يىلى بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمغىچە مەخسۇس بۇ يىغىننى ئېچىش لازىم. دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم دائىرىدە ئېلان قىلىپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە تەشكىلات تارماقلىرى دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش لازىم. مەسىلە ساقلانغان تۇرۇپ ئۆزى تەكشۈرمىگەن، تۈزەتمىگەنلەردىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغانلارغا ئېغىر چارە كۆرۈش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار پاك-تەلەپچان بولۇش ئەھۋالىنى ھەر يىلى تەشكىلگە ۋە ئاممىغا خىزمەتتىن مەلۇمات بېرىشنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىشى ھەممىدە مەلۇم

دائىرىدە كادىرلار ۋە ئاممىنى بۇ ھەقتە دېموكراتىك ئاساستا مۇزاكىرە قىلىپ باھالاشقا ئۇيۇشتۇرۇشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇشىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، خىزمەتكە تەيىنلەشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىشى كېرەك.

## (2) ئەنزىلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك

بۇ يىل ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى كۈچنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، نۇقتىلىق ھالدا تەسىرى بار بىر تۈركۈم چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. نۇقتىلىق ھالدا پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى، ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ۋە ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىش، باج ئالدامچىلىقى، چەت ئەل پۇلى ھايانكەشلىكى، ئەتكەسچىلىك، پارا يەپ قانۇننى بۇزۇش شۇنىڭدەك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، خىزمەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش ۋە كۆپتۈرمىچىلىك قىلىش ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. كۈچنى ئۇيۇشتۇرۇپ قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەنزە سادىر بولۇش نىسبىتى يۇقىرىراق، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەر كۆپرەك بولىدىغان پۇل مۇئامىلە، ئاكسىيە، ئۆي-زېمىن، يەرنى ئىجارىگە بېرىش ۋە ئۇنى تەستىقلاش، بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىش، ھۆددىگە بېرىش ساھەلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىش، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش ئەنزىلىرىنى پاش قىلىش ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەنزە بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئۆزى بىۋاسىتە سورۇشتۇرۇشى، چوڭ-چوڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ئۆزى قول سېلىپ ھەل قىلىشى كېرەك؛ ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر پارتكومىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، سوت، تەپتىش، رېۋىزىيە، مۇپەتتىشلىك ئورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى قاتناشقان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش بويىچە ماسلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، چوڭ-چوڭ ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى ۋە تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى لازىم. كۆپ كەسىپ، كۆپ رايون، كۆپ قاتلاملارغا چېتىلىدىغان چوڭ-چوڭ ئەنزىلەرنى شۇنىڭدەك جەم بولغان ئەنزىلەر ۋە قاتار كەتكەن ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا،

ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆزئارا ماسلىششى، قانۇن-ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى ھەرقايسى ئورگانلار ماسلىششنى كۈچەيتىپ، بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، كۈچنى تولۇقلاپ، ھەرقايىسىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىش تەقسىماتىنى بۇزۇۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا ئەنزە بىر تەرەپ قىلىشنىڭ كۆپ خىل ۋاستىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىپ، چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى بۆسۈشنىڭ بىر پۈتۈن كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئەنزە ئاسان يۈز بېرىدىغان، ئەمما كۆپ يىللاردىن بېرى ئەنزە تەكشۈرۈپ چىقىلمىغان تارماق ۋە ئورۇنلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ ئەنزە بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچى-لىك، ھەيدەكچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەمكارلىشىپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ئورگانلار ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلالمىغان ئەنزىلەرنى ۋاقتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارغا دوكلات قىلىشى لازىمكى، ئارقىغا سۆرەپ بىر تەرەپ قىلماسلىققا بولمايدۇ. ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە توسقۇنلۇق قىلغان، كاشىلا تۇغدۇرغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئەرزىيەت، پاش قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئامما نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

## (3) تارماقلاردىكى ناتوغرا ئىستىل ۋە كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىس-تىللارنى ئەستايىدىل تۈزىتىش كېرەك

بۇ يىل ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدە تاشيوللاردا قالايمىقان چازا قويۇش، قالايمىقان ھەق ئېلىش، قالايمىقان جەرىمانە قويۇش، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش ۋە دېھقانلاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش، دېھقانلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىش ئەھۋاللىرىنى تۈزەشنى داۋاملىق تۈردە پۈتۈن يىللىق ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك. تاشيوللاردىكى ھەق ئېلىش پونكىت-چازىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رەتكە سېلىپ، دۆلەت تاشيولى، ئۆلكە تاشيولىدا ”ئۈچ قالايمىقان“ ئەھۋالىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن بولماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋاللىرىنى تۈزەش خىزمىتىدە يەنىلا توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ باسقۇچىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ھەق ئېلىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قېلىپلاش-تۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەت مەكتەپلەرگە قالايمىقان سېلىق سالىدىغان ئەھۋاللارنى تۈزىتىش كېرەك. دېھقانلاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش، دېھقانلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىش ئەھۋالىنى تۈزەش خىزمىتىدە، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن ھەق ئېلىش تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىششىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇش، تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەر بىلەن دېھقانلاردىن مەبلەغ يىغىپ، ھەق ئېلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى باشقا يوللار بىلەن ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنى قەتئىي توختىتىش لازىم. قانۇنسىز ۋاستىلەرنى قوللىنىپ دېھقانلاردىن قالايمىقان ھەق ئالغان، دېھقانلارغا

قالايمقان سېلىق سالغانلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك.

خامچوتنىڭ سىرتىدىكى مەبلەغنى ئەستايىدىل ئىنقىلاپ، "كىچىك خەزىنە"لەرنى داۋاملىق ئىنقىلاش لازىم. خامچوتنىڭ سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خامچوتنىڭ ئىچىدىكى مەبلەغنى خامچوتنىڭ سىرتىغا يۆتكىۋېتىشنى قەتئىي توسۇش كېرەك. ئىنتىزامنى رەتكە سېلىپ، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش لازىم. ئومۇمنىڭ پۇلنى شەخسىي نامدا ئامانەت قويۇش، ئومۇمنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا شەخسىي پايدا ئېلىش، ئومۇمنىڭكىنى خۇسۇسنىڭ قىلىۋېلىش، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىش قاتارلىق قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى كەسىپلەر بۇ يىللىق ئىستىل تۈزىتىشنىڭ نىشانى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى بەلگىلەپ، ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشى لازىم. ئەدلىيە ئورگانلىرى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ قاقتى-سوقتى قىلىش، شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ قانۇنسىزلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى شۇنىڭدەك ئاممىۋى مۇلازىمەتچىلىك كەسىپلىرىدە ساقلىنىۋاتقان خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي پايدا ئالىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنى نۇقتىلىق ھەل قىلىش لازىم. بۇ ئىككى سىستېمىدىكى تارماقلار ۋە كەسىپلەر كونكرېت نىشان ۋە تەدبىرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشى لازىم.

قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈستىدىن نازارەت قىلىش نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتىكى بىر تۈرلۈك كۈچلۈك تەدبىر. بۇ يىل ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپنى رەتكە سېلىش، مالىيە-ئىقتىساد ئىنتىزامنى چىڭىتىش توغرىسىدىكى زور سىياسەت ۋە تەدبىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يېقىندىن چۆرىدىگەن ھالدا، نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مالىيە-ئىقتىساد ئىنتىزامى بوشاپ كېتىش، ئىقتىسادىي تەرتىپ قالايمىقان بولۇشتەك گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك كۈچىنى ئاشۇرۇپ، مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ يېڭى قائىدە، يېڭى تەرتىپىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەركەزنىڭ رەھبىرىي كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، رەھبىرىي كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش كېرەك دېگەن تەلىپىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى، بولۇپمۇ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىن نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىلىك رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ھازىرقى رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك تۈزۈم قايتا تەكتىلىنىدۇ ۋە ئورنىتىلىدۇ:

—پارتىيە 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى» دىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنىڭ روھى بويىچە، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلارنى جايلارغا ۋە تارماقلارغا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى: ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە مەركەز، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى مىنىستىر، كومىتېت دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ پاكلىق ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى بىۋاسىتە مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا دوكلات قىلىدۇ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بۇ ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىدۇ.

—پارتىيىنىڭ يەرلىك ۋە تارماقلاردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نىڭ ياكى ئۇلارنىڭ ھەيئەتلىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋاللىرىنى بايقىسا، دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق بولىدۇ ھەمدە بىۋاسىتە يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىغا دوكلات قىلىدۇ، ھەرقانداق تەشكىل ياكى شەخسنىڭ بۇنىڭغا ئارىلىششىغا ياكى توسقۇنلۇق قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەنزە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە تەستىقلىتىش كېرەك. ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى) بۇ خىل مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرۇپمۇ دوكلات قىلمىسا، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان بولىدۇ، ئەھۋال ئېغىر بولغانلىرى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

—پارتىيىنىڭ يەرلىك ۋە تارماقلاردىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى (ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى) ئۆزىدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) ئەزالىرى ئۈستىدىن پاش قىلىش ۋە شىكايەت قىلىش ماتېرىياللىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندا، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا دوكلات قىلىشى كېرەك، ھەرقانداق كىشىنىڭ تۇتۇپ قېلىش ياكى باستۇرۇپ قويۇشقا ھەققى يوق. خىلاپلىق قىلغانلار بولىدىكەن، جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

—ئومۇمەن جايلارنىڭ ۋە تارماقلارنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىقىغا ئۈستۈرۈلىدىغان، تەيىنلىنىدىغانلار بولسا، پارتىيىنىڭ تەشكىلات تارماقلىرى پارتكوم (پارتگۇرۇپپا) نىڭ مۇزاكىرە قىلىپ قارار چىقىرىشىغا سۇنۇشتىن ئىلگىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (ئىنتىزام تەكشۈرۈش

گۇرۇپپىسى) نىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك.

—ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىقى بويىچە نامزاتلىقىقا كۆرسىتىش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەش، يۆتكەش ئىشىدا ھەر دەرىجىلىك تەشكىلات تارماقلىرى ۋە كادىرلار ئىشلىرى تارماقلىرى ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشى كېرەك.

بۇ يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، پۇختا ئىشلەش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى بولۇپمۇ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ”چىرىكلىكلەرنى بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى تۈگەتمىسەك، ھەقىقەتەن مەغلۇب بولۇش خەۋپى بار“لىقى توغرىسىدىكى سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش“ ستراتېگىيىلىك فاڭجېنىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش مېخانىزمىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇپ، ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ۋە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋەزىيىتىنى قەرەللىك تەھلىل، مۇھاكىمە قىلىپ، ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. بىخ خاراكتېرلىك، مايىلچان مەسىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ساھەدىكى يېڭى مەسىلىلەر-نى بايقاشقا دىققەت قىلىپ، كۈچلۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى بېسىش لازىم.

بۇ يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش جەھەتتىكى تەشۋىقاتنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. گېزىت-ژۇرنال، تېلېۋىزىيە، رادىئو قاتارلىق خەۋەر تارقىتىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق، ھەم تىرىشچان، ھەم پاك، دەۋر روھىغا باي ئىجابىي تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سەلبىي تىپلارنى تاللاپ پاش قىلىش كېرەك. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تۈرلۈك شەكىل ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، تەشۋىقات، تەربىيىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تىرىشىش لازىم.

بۇ يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، قانۇن-نىزام ۋە تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتىكى نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك

ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىرمۇنچە رايون ۋە تارماقلار مەمۇرىي ئىشلارنى ئاشكارىلاش، ھوقۇقنى چەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە بىرمۇنچە ياخشى تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ئۈنۈم بېرىدىغان بەزى تۈزۈملەرنى خۇلاسىلەپ چىقىپ كېڭەيتتى، ھەرقايسى رايون ۋە تارماقلار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن بۇ تۈزۈملەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە كېڭەيتىشى كېرەك. مەمۇرىي ئىشلارنى ئاشكارىلاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. ئومۇمەن ئاشكارىلاشقا بولىدىغانلىكى ئىش بىجىرىش مەزمۇنى، ئىش بىجىرىش تەرتىپى ۋە ئىشلارنىڭ نەتىجىسى، بولۇپمۇ ئاممىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مالىيە ئىشلىرى قاتارلىق ئىشلارنى ئاشكارىلاپ، ئاممىنىڭ نازارەت قىلىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك ھوقۇق چەكلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىش لازىم. كادىر ئالماشتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىر-ىر جاي ياكى تارماقتا ئىشلىگەن ۋاقتى ئۇزاقراق بولۇپ كەتكەن رەھبىرىي كادىرلارنى بەلگىلىمە بويىچە قەرەللىك ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك؛ خىزمەت ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش، ھوقۇق-پۇل سودىسى ئاسانراق يۈز بېرىدىغان تارماقلاردا ھوقۇقنى پارچىلاش، مۇھىم ئىش ئورۇنلىرىدا نۆۋەتلىشىپ تۇرۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ، كېيىنچە بارا-بارا كېڭەيتىش لازىم. ئىچكى قىسمدىكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ئىچكى قىسمدىكى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى ۋە ساغلاملاشتۇرۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈزۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى قەرەللىك نازارەتچىلىك ۋە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك، ئىچكى قىسمدىكى باشقۇرۇش ئەھۋالى قالايمىقان بولغانلاردىن تەرتىپكە سېلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ياخشىلاشنى تەلەپ قىلىش لازىم. ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئورگانلىرى ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرى ئىشنى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، مەخسۇس تۈر بويىچە تەكشۈرۈش، قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشتىن باشلاپ، مەسىلە كۆپرەك رايون ۋە تارماقلارنىڭ رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاجىز ھالقا ۋە يوچۇقلىرىنى بايقاپ، ئۇلارنى ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشقا بۇيرۇشى كېرەك.

بۇ يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئىسلاھات روھى ئارقىلىق ئۆز قوشۇنىنى كۈچەيتىشى لازىم. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتكۈل كادىرلارنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشكە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىپ ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. كەسپىي بىلىمنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەسپىي سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە رېۋىزىيىدىن ئىبارەت ئىككى خىل فۇنكسىيىنى تولۇق يۈرگۈزۈشى كېرەك.

كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى خالىس تۆھپە قوشۇش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىلگىرىلەشتەك ئېسىل ئىستىلنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ، كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار:** ئالىمجان سابىت
ئەخمەتجان ھوشۇر

**مەسئۇل مۇھەررىرلەر:** ئەركىنجان
ئەخمەتجان ھوشۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرەيلى

چېن جىنخۇا

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا: 9-بەش يىللىق پىلان ۋە 2010-يىلدىكى كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە مۇنداق ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا: بىرىنچى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە جەھەتتە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياساش، ئىككىنچى، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش ياساش، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەشتىن چىقىرىلغان توغرا خۇلاسە بولۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىدۇر. 1996-يىلدىن باشلاپ، ھەقىقىي يوسۇندا ئىقتىسادىي خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە قويۇپ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە يېڭى كەيپىيات پەيدا قىلىش لازىم.

40 نەچچە يىللىق، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 17 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى يېڭى بىر ئۆسۈش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. دۆلىتىمىزنىڭ بېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى، ئېنېرگىيە ۋە ئاساسلىق خام ئەشيا-ماتېرىيال مەھسۇلات مىقدارى دۇنيادا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مەھسۇلاتنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىش دەرىجىسى يۇقىرى بولماسلىق، تېخنىكىلىق تەركىبى تۆۋەن بولۇش، ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا-ماتېرىيالنىڭ سەرپىياتى يۇقىرى بولۇش سەۋەبىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ۋە سانائەتتە ئاشۇرۇلغان قىممىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن يىراق تۇرماقتا. بىزنىڭ ئوخشاش مىقداردىكى ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشيا-ماتېرىيال سەرپىياتى بىلەن ياراتقان قىممىتىمىز تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ياراتقان قىممەتنىڭ 1/6-1/4 گىلا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قوشقان تۆھپىسى ئارانلا 30% ئەتراپىدا بولۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن يىراقتا تۇرماقتا. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، تۇراقلىق مۈلۈككە ۋە تۇراقسىز مۈلۈككە سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ

7 تىرلىيون 300 مىليارد يۈەنگە يېقىن، دۆلەت ئىچىدىكى يېگىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بولسا تەخمىنەن 3 تىرلىيون 700 مىليارد يۈەن بولدى، دېمەك ھەر 100 يۈەنلىك مەبلەغ سېلىش بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئاران 50 يۈەن ئەتراپىدا ئاشتى، سېلىنما ھاسىلاتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1995-يىلىنى 1990-يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 3.3 ھەسسە ئاشتى، ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئارانلا ئىككى ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. بۇنداق سېلىنما يۇقىرى بولۇش، ھاسىلات تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى بايلىق ۋە مۇھىتقا زور بېسىم بولۇپلا قالماي، بەلكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى بوغۇپ قويىدىغان ئامىلغا ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەمىنات بىلەن ئومۇمىي تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقىپ، پۇل پاخاللىقى ۋە ئىقتىسادىي داۋالغۇشنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي ئامىل بولۇپ قالدى.

تاشقى سودىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئېكسپورتى خېلى تېز ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما مەھسۇلاتنىڭ دەرىجىسى ۋە قوشۇمچە قىممىتى تۆۋەن بولغاچقا، تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ئۈنۈمى ئېكسپورت مىقدارىنىڭ كۆپىيىشىگە زادىلا مۇناسىپ كەلمىدى. مەسىلەن، توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىمىزنىڭ ئېكسپورت مىقدارى دۇنيا ئېكسپورت مىقدارىنىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىنى ئىگىلىسىمۇ، ئېرىشكەن تاشقى پېرېۋوت سوممىسى بولسا ئون تۆتتىن بىر قىسمىنىلا ئىگىلەيدۇ. ئىچكى بازاردىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردا ئېخىنىكا ۋە مەبلەغنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان ئىمپورت مەھسۇلاتلىرى ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلىمىز بازارلىرىنى ئىگىلەش نىسبىتى تېز ئۆستى، كۆچمە تېلېفون، پروگراممىلىق كومپيۇتاتور، ھېسابلاش ماشىنىسى، ئېلېكترونلۇق دېتال، پىكاپ، ستانوك، سىنئالغۇ قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، سېتىش سوممىسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچكى بازىرىمىزنى ئىگىلەش نىسبىتى %50-%80 كە يەتتى. دۆلىتىمىز دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ستانوك ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەت بولسىمۇ، ھازىر دۇنيادا ستانوك ئىمپورت قىلىش بويىچە ئىككىنچى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى. خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى كەسكىن رىقابەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كەسىپ قۇرۇلمىسى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ۋە خەلق تۇرمۇشىنى توق يېيىش، ئىسسىق كىيىنىشتىن ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشتەك تەلەپتىكى ئۆزگىرىشكە ماسلىشىپ، ئىگىلىك يۈكسىلىشى-نىڭ ساپاسى ۋە ئۈنۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشكە قويۇلغان جىددىي تەلەپ بولۇپ قالدى؛ ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ نوپۇسى بىلەن بايلىقى ۋە مۇھىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇپ، ئىگىلىكنى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۈپ چىقىش يولى؛ ئۇ، دۇنيادا ئىقتىسادىي رىقابەت كۈندىن-كۈنگە ئۆتكۈرلىشىۋاتقان

ۋەزىيەتتە، دۆلىتىمىز ئىگىلىكىنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇقەررەر يولىمىز. بىز ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنى ۋە مەركىزىي ئىقتىسادىي خىزمەت يىغىنىنىڭ تەلپى بويىچە، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىمىز لازىم. مەيلى ئىشلەپچىقىرىشتا، قۇرۇلۇشتا بولسۇن ياكى ئوبوروت ساھەسىدە بولسۇن، مەيلى دېڭىز ياقىسى رايونلىرىدا بولسۇن ياكى ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىدا بولسۇن، مەيلى يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەردە ياكى ئەنئەنىۋى كەسىپلەردە بولسۇن، مەيلى سانائەتتە ياكى يېزا ئىگىلىكىدە بولسۇن، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە تەلپى ئوخشاش بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمما، ھەممە رايون ۋە ھەممە كەسىپ-ساھەلەر ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە ئەستايىدىل چىڭ تۇتۇپ، 1996-يىلدىن باشلاپ تىرىشىپ پۇختا قەدەم تاشلىشى لازىم.

ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشتە مەۋقەيىمىزنى ئالدى بىلەن ھازىرقى بار ئاساستىن ئوبدان پايدىلىنىشقا قويۇش لازىم. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزدا ئىنتايىن نامۇۋاپىق بىر خىل ئەھۋال ساقلىنىپ كەلدى: بىر تەرەپتىن خېلى كۆپ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى پېتى، تېخنىكىسى قالاق، ئۈسكۈنىلىرى كونىراپ كەتكەن بولۇپ، بازاردا رىقابەت ئىقتىدارى يوق، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بىكار تۇرۇپ قالغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن سەپ ئېچىپ، يېڭى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەن سەۋىيىدىكى قۇرۇلۇشلارنى تەكرار ئېلىپ بېرىشقا قىزىپ كەتتۇق. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە، چوقۇم يېڭى قۇرۇلۇشلار بىلەن ھازىرقى بار ئاساستىن پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. يېڭى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە كەسىپ بويىچە تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان مۇھىم قۇرۇلۇشلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ ئوبدان تۇتۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئاساسلىقى ھازىرقى بار كارخانىلارغا تايىنىشقا قارىتىش لازىم. ھازىرقى بار كارخانىلارنى تاپانچ قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم. كونا كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش ياكى كېڭەيتىپ قۇرۇشتىمۇ، ئادەتتە ھالدا ئەسلىدە بار مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتمەستىن، بەلكى سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، تۈرلەرنى كۆپەيتىش، تېخنىكا سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىساد كۆلىمىنى كېڭەيتىش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئاساسىي نىشان قىلىش لازىم.

پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشكە بولغان تۆھپىسىنى زور كۈچ بىلەن يۇقىرى

كۆتۈرۈش لازىم. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىش كېرەك. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈشكە بولغان تۆھپىسى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن خېلىلا يىراقتا تۇرماقتا، قولغا كەلگەن پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ كېڭەيتىلىپ ئوبدان ئىشلىتىلمىدى. 80-يىللاردىن بۇيان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 100 نەچچە مىڭ تۈرلۈك پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگىنى ئوندىن بىر قىسمىغىمۇ يەتمەيدۇ. كۆپلىگەن سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىمۇ ياخشى ئۆزلەشتۈرۈلمىدى. نۇرغۇن كەسىپلەرنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، چەتتىن تەكرار كىرگۈزۈش ئىشى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. 1996-يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، پەن-تېخنىكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادنى بىرلەشتۈرۈشتە يېڭى ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. كەسىپ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ رېئال ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بازىرى بولىدىغان بىر تۈركۈم پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ يۇقىرى پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولغان پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تاللاپ ھازىرقى بار كارخانىلارنى ئۆزگەرتىشكە ۋە يېڭى قۇرۇلىدىغان تۈرلەرگە ئىشلىتىپ، يېڭى تېخنىكىنىڭ كەسىپلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، يېڭى ئىقتىساد يۈكسىلىش نۇقتىلىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار ۋە زور تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، يۈرۈشلەشكەن چوڭ تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياساش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈش كېرەك. پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ كارخانا گۇرۇھلىرىغا كىرىشىنى ياكى كارخانىلار بىلەن بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى تېخنىكا تەرەققىيات مەركىزى قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، كارخانىلارنى تېزدىن تېخنىكىغا سېلىنما سېلىشنىڭ ۋە تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ بولۇپمۇ دۆلەت پىلانىدا ئايرىم كارخانا گۇرۇھلىرىنىڭ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ باشلامچىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە بايلىقنى تېجەش ۋە بايلىقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى كەسىپ، ھەرقايسى ساھەلىرىدە بايلىقنى تازا ئىسراپ قىلىش، مەبلەغنى كۆپ مىقداردا ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھادىسىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ساقلانماقتا، تېجەش

ئارقىلىق مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، تېجەشتىن ئۇنۇم ھاسىل قىلىش جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور. مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيالنىڭ سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىپ، مەبلەغنى ئىگىلىۋېلىشنى ئازايتىپ، ئىسراپچىلىقـ تىكى يوچۇقلارنى توسۇپ، بايلىق ۋە مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى، تۈرىنى ياخشى تۇتۇشنى بايلىقنى تېجەشنىڭ مۇھىم يولى قىلىش لازىم. سۈپىتى ناھايىتى تۆۋەن بولغان ناچار مەھسۇلاتلارنى قەتئىي شاللاپ چىقىرىۋېتىش، يالغان، ناچار مەھسۇلاتلارغا زەربە بېرىش، بازىرى يوق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش لازىم. كان بايلىقىنى قانۇن بويىچە قوغداشنى كۈچەيتىپ، قالايمىقان ئېچىشنى توسۇش لازىم.

ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتە ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇۋاپىق ئىقتىسادىي كۆلەمنىڭ تەلىپى بويىچە، كارخانا تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى ۋە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش لازىم. رايون، تارماق ۋە كەسىپلەرنىڭ چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىرلىشىپ مەبلەغ سېلىش ۋە بىرلىشىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، مەخسۇسلاشقان ھەمكارلىقنى ئۈيۈشتۇرۇپ، كۆلەملىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. نۆۋەتتە، كۆلەملىك ئىگىلىكتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان ماشىنىسازلىق، ئېلېكترون، نېفىت-خىمىيە، ماشىنا، پولات-تۆمۈر، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۆلىمىنى گەۋدىلىك تۇتۇپ، ئىقتىسادىي كۆلەمنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولمىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەستىقلىماسلىق لازىم. ھازىرقى بار كارخانىلارغا قارىتا، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېتىش ئارقىلىق، مال-مۈلۈكنى سەرخىللاشتۇرۇپ قايتا تەشكىللەشنى تېزلىتىپ، كارخانا گۇرۇھلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، كۆلەملىك ئىگىلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

بازار مېخانىزمىنىڭ ياخشىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ناچارلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. بازار مېخانىزمىنىڭ ماھىيىتى رىقابەت ئارقىلىق ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، ياخشىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىپ، ناچارلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىپ، بايلىقنى تەقسىملەشنى سەرخىللا-شتۇرۇش. تېخنىكىسى ئىلغار، باشقۇرۇشى ئىلمىي كارخانىلار بازار رىقابىتى جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى كۆپلەپ جۇغلاش ئارقىلىق، بازارنى ئىگىلەش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تېز تەرەققىي قىلىدۇ. تېخنىكا ۋە باشقۇرۇشى قالاق، ئۈنۈمى تۆۋەن كارخانىلار رىقابەت جەريانىدا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، بارا-بارا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ. كارخانىنى ھەقىقىي يوسۇندا بازار رىقابىتىدىكى ئاساسىي گەۋدىگە ئايلاندۇرغاندىلا، ئاندىن كارخانىنى تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىنتىلىش، ئۈنۈمدارلىق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاكتىپلىق ۋە ئىجادكارلىق روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئىشكىنى ئېچىۋەتكەندىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بازار

رىقابىتى بىرقەدەر تولۇق قانات يايدۇرۇلغان كەسىپلەر ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن قوغدىلىشقا يۈلىنىۋالمايدىغان كارخانىلارنىڭ يېڭى مەھسۇلات يارىتىشى ۋە كەسپىي تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنىڭ سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولىدۇ، ئۇلار كۆلەملىك ئىگىلىكنى تېز تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ، ئىچكى ۋە تاشقى بازاردىكى كەسكىن رىقابەتتە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ. ئەكسىچە، مەمۇرىي ئۇسۇلغا تايىنىش بىلەن بازارنى قامال قىلىپ، رىقابەتنى چەتكە قېقىپ، ئارقىدا قالغانلارنى قانات ئاستىغا ئالغاندا، مۇقەررەر ھالدا تېخنىكا تەرەققىياتى ئاستا بولىدىغان، مەھسۇلاتى ئۇزاق يىلغىچە يېڭىلانمايدىغان، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان، تىجارەتتە قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «تەكلىپ»ىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ بويىچە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئېنېرگىيىنى تېجەشكە، سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىشكە، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولغان كارخانا باشقۇرۇش مېخانىزمىنى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىشقا پايدىلىق بولغان تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مېخانىزمىنى، بازاردا ئادىل رىقابەتلىشىشكە ۋە بايلىق تەقسىماتىنى سەرخىللاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلار شۇنداق قىلىشى كېرەك، ئىقتىسادى ئانچە تەرەققىي تاپمىغان رايونلارمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا چىقىش يول يوق.

پىلان ۋاستىسى ۋە كەسىپ سىياستىنى توغرا قوللىنىپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، پىلانمۇ، بازارمۇ بايلىقنى تەقسىملەش ۋاستىسى بولىدۇ. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، پىلان بىلەن بازاردىن ئىبارەت ئىككى ۋاستىنى تەڭ قوللىنىش لازىم. دۆلەت پىلانى بازارنى ئاساس قىلىپ، تەرەققىيات ستراتېگىيىسى، كەسىپ سىياستى، رايونلار پىلانى قاتارلىقلارنى تۈزەش ئارقىلىق، دۆلەتنىڭ قولىدىكى مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە ئىقتىسادنى تەڭشەش ۋاستىلىرىنى توغرا ئىشلىتىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىل-لاشتۇرۇش ۋە رايونلار ئارا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە چوڭ-چوڭ تېخنىكىلار بويىچە تەتقىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش تۈرلىرىنى يۆلەپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. پىلان تارماقلىرى ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئەستايىدىل ئىشلەشتۈرۈپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ۋە تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىپ يولغا قويۇشى لازىم. 1996-يىلى ئوتتۇرا مۇددەتلىك ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىق كەسىپلەردە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ نىشانى ۋە سىياسەت-تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسىپ سىياستىنى تولۇقلاپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

نوقتىلىق كەسپلەرنىڭ ئېخنىكا سىياستىنى ۋە ئىقتىسادىي كۆلەمنىڭ ئۆلچىمىنى بېكىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنى تەتقىق قىلىپ ياخشىلاپ، ئىقتىسادنى يېتەكلەش ۋە باشقۇرۇشتىكى دىققەت-ئېتىبارنى ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا قارىتىش لازىم. قانۇن تۈزۈشنى تېزلىتىش ۋە قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش ئارقىلىق، ئاساس كەسپلەرنى كۈچەيتىش، تۆۋرۈك كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، مۇھىتنى، مەبلەغنى قوغداش، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش، شۇ ئارقىلىق ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**(ئاپتۇر دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# ماركسزمدىن كىشىلىك هوقۇقنىڭ
# پەلسەپىۋى ئاساسىغا نەزەر

**چېن جىشاڭ**

كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى نۆۋەتتىكى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبار بېرىلىپ قىزغىن مۇهاكىمە قىلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. كىشىلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى جەھەتتىكى ئىنقىلابى چوڭقۇر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەردىن باشقا ئىدىيىۋى جەھەتتىكى ئوخشىمىغان دۇنيا قاراش ۋە قىممەت قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى جەھەتتىكى هەق-ناهەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، خەلقنى ئىلمىي كىشىلىك هوقۇق نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان، راۋاجلىنىۋاتقان كىشىلىك هوقۇق ئەمەلىيىتىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ ئۆزاقتىن بۇيان كىشىلىك هوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىشقا ئاشۇرۇش، كاپالەتكە ئىگە قىلىش، قوغداش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مول ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىلمىي كىشىلىك هوقۇق قارىشىنى تىكلەش ئىنتايىن زۆرۈر. مەزكۇر ماقالەمدە كىشىلىك هوقۇقنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى جەھەتتىكى تونۇشۇم ئۈستىدىلا ئازراق توختالماقچىمەن، كۆپچىلىك-نىڭ تەنقىد ۋە تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمەن.

## 1. كىشىلىك هوقۇق جەمئىيەت تارىخىنىڭ مەهسۇلى

غەربنىڭ ئەنئەنىۋى كىشىلىك هوقۇق نەزەرىيىسى كىشىلىك هوقۇقنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى دەپ قارايدۇ، ۋە ياكى كىشىلىك هوقۇق ئادەمنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى ۋەجىدىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە باشتىن ئاخىرغىچە سىڭگەن، شۇڭا ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ دەپ قارايدۇ. ماركسىزم بۇنىڭ ئەكسىچە، كىشىلىك

www.uyghurkitap.com

ھوقۇق بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇ تارىخنىڭ مەھسۇلى، دەپ قارايدۇ.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، كىشىلىك ھوقۇق ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسە ئەمەس. ئۇزاق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، ھازىرقى مەنىدىكى كىشىلىك ھوقۇقتىن ئىبارەت بۇنداق ئىجتىمائىي ھادىسە ۋە ئىجتىمائىي مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، كىشىلەردىمۇ كىشىلىك ھوقۇق ئېڭى يوق ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى ۋە ئاھالىنىڭ ئاز بولۇشى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىدى، شۇڭا كىشىلەر مۇقەررەر ھالدا بىر-بىرىگە تايىنىپ ياشايتتى. قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىن تەشكىل تاپقان ئىپتىدائىي ئورتاق گەۋدىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ئاددىي ھالەتتىكى ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىق بولغانلىقتىن، ئىپتىدائىي ئادەملەردە پەقەت ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىلا بولۇپ، شەخسنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. مەنپەئەت جەھەتتە شەخس بىلەن ئۇرۇق، شەخس بىلەن شەخس ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇش يۈز بەرمەيتتى. كىشىلەردىمۇ پەقەتلا ئومۇمىيلىق ئېڭى بولۇپ، مۇستەقىل شەخس ئېڭى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇرۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھازىرقى ئالىملار تەرىپىدىن ئىپتىدائىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت دەپ ئاتالغان كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ بەزى پىرىنسىپلىرى بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەتلا ئىپتىدائىي ئورتاق گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلانمىسىغا ئاساسەن ئادەت شەكلى بىلەن بېكىتىلگەن، ئۇرۇق ئەزالىرى ئورتاق قوبۇل قىلغان ھەرىكەت قائىدىسى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەت بەلگىلىمىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ھازىرقى مەنىدىكى «كىشىلىك ھوقۇق» ئەمەس ئىدى.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەتلىك دەۋرگە ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ئېشىشى، ئىش تەقسىماتى ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ۋە سىنىپنىڭ بارلىققا كېلىشى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەت جەھەتتە زىددىيەت ۋە قارىمۇ-قارشىلىق پەيدا بولدى، بىر قىسىم كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ماددىي بايلىقنى ئىگەللىۋېلىشقا، شۇنىڭدەك دۆلەت ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا تايىنىپ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىمتىيازغا ئېرىشىپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى ۋە ئەزدى، بۇنىڭ بىلەن ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھاياتى تەھدىتكە ئۇچرىدى، ئۇلار بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش ۋە ئەركىن راۋاج تېپىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەقەللىي ئادەملىك سالاھىيىتىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ قالدى. دەل مۇشۇنداق باراۋەر بولمىغان، ئەركىنلىك بولمىغان

رېئال تۇرمۇش كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئىمتىيازىغا قارشى تۇرىدىغان، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى، ئېزىلگۈچى سىنىپ شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنى ھاياتلىق ۋە تەرەققىي قىلىشنىڭ باراۋەر شارائىتى ۋە پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى كىشىلەر پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى، شۇنداقلا ئۇنى ئالدى بىلەن ئىلغار ئىجتىمائىي كۈچلەر (ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئارقىلىق) ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋەھالەنكى، قەدىمكى دەۋردىكى ساددا باراۋەرلىك، ئەركىنلىك كۆزقارىشى يەنى بىخ ھالىتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىسى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇزاق مەزگىللىك، ئەگرى-توقاي تەييارلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، تەرەققىي قىلىپ ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىگە كەلگەندە شەكىللىنىشكە باشلىغان فېئودال مۇستەبىتلىككە ۋە تەبىقە ئىمتىيازىغا قارشى تۇرۇشنى، كاپىتالىزمنىڭ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىشنى يادرو قىلغان ”كىشىلىك ھوقۇق“ نەزەرىيىسىدىن تاكى 18-ئەسىرگە كەلگەندە ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىغا كۆتۈرۈلگىچە ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان كەتتى. بۇ جەريان ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى بىلەن، ئاساسلىقى زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار ئىگىلىكى ۋە دۇنيا سودىسىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن، بولۇپمۇ بۇنىڭغا ماس ھالدىكى بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلانغان. بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە مېۋىسى كاپىتالىستىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇقنى فېئوداللىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى تەبىقە ئىمتىيازىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى ئاساسلىق بەلگە قىلغان.

كاپىتالىزمنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەسلىدە مەۋجۇت بولغان ئىچكى زىددىيىتى ۋە كاپىتالنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ماھىيىتى مۇقەررەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەمدە تۈگىتىش مۇمكىن بولمايدىغان ھەر خىل ئىللەتلىرى پەيدىنپەي پارتلاپ چىقتى ۋە قاتتىق ئېغىرلىشىپ كەتتى، يېڭى جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ باراۋەر بولماسلىقىدەك رېئاللىق ”تۇغما كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىسى“نىڭ ساختا سەپسەتە ئىكەنلىكىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىد قىلدى. كاپىتالىستىك تۈزۈم شارائىتىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ تارىخىي چەكلىملىكىنى بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەر تونۇپ يېتىشكە باشلىدى.

پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى ئاممىنىڭ سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە ۋە ئىجتىمائىي زۇلۇمغا قارشى كۈرىشىدە ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى يوقىتىش، سىنىپنى يوقىتىش، يېڭى ئىجتىمائىي ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان يېڭى كىشىلىك ھوقۇق قارشى مەيدانغا كەلدى، مانا بۇ ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىسى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسى قولغا كەلتۈ-

رۇلگەن، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغان دۆلەتلەردە، بۇ خىل نەزەرىيە رېئاللىقتا ئايلىنىشقا باشلىدى. لېكىن، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: ”ھوقۇق جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى شۇنىڭدەك بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلما چەكلەپ تۇرىدىغان جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ھەرگىزمۇ ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.“ («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە يېڭى نەشرى، 3-توم، 305-بەت) جۇڭگودەك سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بۇنداق دۆلەتتە، رېئال ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ نىسپىي ھالدا تەرەققىي قىلمىغانلىقى، ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىپ بولمايدىغان بەزى ئەمەلىي باراۋەرسىزلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بەلگىلىنىشى ، يولغا قويۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭمۇ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇكەممەلسىزلىكتىن پەيدىنپەي مۇكەممەللىششكە قاراپ راۋاجلىنىش جەريانى بولىدۇ.

## 2. كىشىلىك ھوقۇق ھازىرقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ بەلگىلىمىسى

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەنىسى، جەمئىيەتنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلما ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىگە ئاساسەن، قانۇن ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە ئېتىراپ قىلىش ھەم كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئەزالىرىنى نورمال ياشاش، تەرەققىي قىلىش ۋە زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى تار مەنىدىن ئالغاندا، ئادەمنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتە ھاياتىنى ساقلاشقا، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولغان ھالدا ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئىگىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي ھوقۇقنى كۆرسىتىدۇ؛ كەڭ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنى ھوقۇقنىڭ ئادەتتىكى ئىپادىلىنىش شەكلىنىڭ يەنى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بەھرىمەن بولىدىغان تۈرلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ھوقۇقىنىڭ ئومۇمىي نامى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ھەر خىل، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان مەجبۇرىيىتىمۇ كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. بىز كىشىلىك ھوقۇقنى مۇنداق ئۈچ قاتلامغا بۆلۈشكە بولىدۇ دەپ قارايمىز: بىرىنچى قاتلام ئادەمنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى: ياشاش ھوقۇقى ۋە ئاساسىي ئەركىنلىك ھوقۇقى (بۇ، ھەر بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى، جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى ھەم كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى، قورسىقىنىڭ توق، كىيىمىنىڭ پۈتۈن بولۇشى، تۇرار جايىنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقى، ئىدىيە ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنىڭ بولۇشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كوللېكتىپقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى، مىللەتنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ)؛ ئەمگەك ۋە ئەمگەك

كىرىمى (يەنى شەخسنىڭ مال-مۈلكى) ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزى بەھرىمەن بولۇش؛ باراۋەرلىك ھوقۇقى؛ تەرەققىيات ھوقۇقى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھوقۇقلار ھازىرقى مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئادەمگە جەمئىيەت تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بولۇپ، مەھرۇم قىلىشقا بولمايدىغان ئادەملىك ئەقەللىي شەرت. ئىككىنچى قاتلام پۇقرالىق ھوقۇقى، ئادەمنىڭ بىر دۆلەتنىڭ پۇقراسى سۈپىتىدە ھازىرلايدىغان ھوقۇقى. يۇقىرىقى ئاساسىي ھوقۇقلاردىن باشقا، ئاساسلىقى سىياسىي ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى پۇقرالارنىڭ دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنغا ئاساسەن ئىجتىمائىي ئورتاق گەۋدىنىڭ سىياسىي پائالىيىتىگە قاتنىشىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت. بۇ، ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە يۈرگۈزىدىغان ھوقۇقى. مەسىلەن، سايلاش ھوقۇقى ۋە سايلىنىش ھوقۇقى. پۇقرالار قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت سادىر قىلغاندا بۇنداق ھوقۇق چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ ياكى مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى قاتلام ئادەمدە بولىدىغان ياكى بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ھوقۇقلاردىن ئىبارەت. ئۇ يۇقىرىدىكى ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق ۋە پۇقرالىق ھوقۇقىدىن باشقا يەنە تۈرلۈك كونكرېت سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي ھوقۇق، مەدەنىيەت ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى، ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ئىشسىز قالغاندا قوغدىلىش، ئارام ئېلىش، كۆڭۈل ئېچىش ھوقۇقى، تىنچلىق ھوقۇقى، مۇھىت ھوقۇقى قاتارلىقلار. ئۇ يەنە ھەرخىل ئالاھىدە شەخس ۋە كىشىلەر توپىغا، مەسىلەن، ياشانغانلار، ئاياللار، باللار، مېيىپلار، يارىدار-كېسەللەرگە قارىتىلغان بەلگىلىمىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئالاھىدە ھوقۇق ۋە بەلگىلىمىلەر يۇقىرىقى شەخس ۋە كىشىلەر توپىغا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكىدىن ھالقىغان ئىمتىياز ئاتا قىلماستىن، بەلكى ئاجىزلارنىڭ ياكى نورمال ھەرىكەت ئىقتىدارى كەمچىل كىشىلەرنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ بىر خىل تولۇقلىمىسى، كىشىلىك ھوقۇقنى ئومۇمىيۈزلۈك يۈرگۈزۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان تولۇقلىغۇچى. كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشتا، زامانىمىزدا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ھەرقايسى قاتلاملار، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە مەزمۇنى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇنى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى، تەرەققىياتى جەھەتتىكى تارىخىي تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەتراپلىق، چوڭقۇر ئىگەللىگىلى بولىدۇ.

## 3. ياشاش ھوقۇقى ھەممىدىن مۇھىم ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقتۇر

بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ماركسىزمنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمى ۋە خەلقئارادىكى كىشىلىك ھوقۇق ساھەسىدىكى ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق

چىقارغان مۇھىم بىر ھۆكۈمى.

تارىخىي ماتېرىيالىزىملارغا ئاساسلانغاندا، غەربىي ياۋروپادىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ۋە سىياسىيونلار ياشاش ھوقۇقى ئادەمنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ھوقۇقى دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما ئۇلار ياشاش ھوقۇقىنى بىر قەدەر تار مەنىدە چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەمىشە ھاياتلىق ھوقۇقى بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قويغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى ياكى ئادەمنىڭ تەبىئىي ماھىيىتى (ئۆز-ئۆزىنى ساقلاش، ئارزۇ-ھەۋەس ۋە ئىدراك) قاتارلىق جەھەتلەردىن ئىسپاتلىماقچى بولغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، زامانىمىزدىكى غەربنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئالىملىرى ئىچىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بۇ مەدەنىيەت مىراسىنى قېزىشقا ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلار بەك ئاز بولماقتا.

جۇڭگو ھازىر تەشەببۇس قىلىۋاتقان ياشاش ھوقۇقىدا، زامانىمىزدىكى جۇڭگو خەلقى ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ياشاش ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن، ئۇ مەزمۇن جەھەتتە بۇنىڭدىن 200 نەچچە يىل ئىلگىرىكى غەربىي ياۋروپا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ مەنىسى جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى، جىسمانىي ئەركىنلىكىنى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىشنى ھەمدە ئۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى شۇنىڭدەك تىرىكچىلىك قىلىشتا، نورمال ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆچۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتىغا ھەم ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم دېگەن تىرىك جان، ئۇ ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېشىشى، قورسىقىنى تويغۇزۇشى، ئىسسىق كىيىنىشى، تۇرىدىغان ئۆيى بولۇشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەقەللىي ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك؛ ئەمما بۇلارنىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە مۇئەييەن سىياسىي ۋە باشقا ئىجتىمائىي شارائىت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈلۈشى كېرەك. ئەگەر ئادەمنىڭ ھاياتى، جىسمانىي ئەركىنلىكى، كىشىلىك قەدىر-قىممىتى ئېتىراپ قىلىنمىسا ۋە كاپالەتلەندۈرۈلمىسە، خالىغانچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنسا، ئېزىلسە، خارلانسا، سېتىۋېتىلسە، ھاقارەتلەنسە ھەتتا ھايۋاندەك بوغۇزلانسا، ئۇ ھالدا ئادەملىك ئەقەللىي ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنغان بولىدۇ. شۇڭا ياشاش ھوقۇقى ھاياتلىق ھوقۇقىنىڭ تار مەنىسىدىلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ئاساسى ئىقتىسادىي ھوقۇق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆپ مەزمۇنلۇق ئۇنىۋېرسال ئاساسىي ئىجتىمائىي ھوقۇقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياشاش ھوقۇقىنى ھەممىدىن مۇھىم دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇ يەردىكى، ئۇ باشقا كىشىلىك ھوقۇقنى يۈرگۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇبادا ياشاش ھوقۇقىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىنمايدىكەن، ئۇ ھالدا باشقا كىشىلىك ھوقۇقتىن ئېغىز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. يەنە شۇنىمۇ تونۇپ يېتىش كېرەككى، ياشاش ھوقۇقىنى ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى دەپلا يىغىنچاقلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇ يەنە خەلق، مىللەت، دۆلەتنىڭ كوللېكتىپ ھوقۇقى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دۆلەت مۇستەقىل بولۇپ، مىللەت ئازادلىققا، باراۋەرلىككە ئېرىشىپ، خەلق ئېزىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە قۇل قىلىنىش ئورنىدىن قەد كۆتۈرۈپ خوجايىن بولغاندا، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ، ھەممە كىشلەرنىڭ ياشاش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىدەك مەھسۇلات يارىتىلغان ھەمدە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنغاندا، يەنە مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۆلەت، مىللەت، خەلق ئاممىسىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنغان ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندىلا، جەمئىيەتنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ بىر ئەزاسى بولغان شەخسنىڭ ياشاش ھوقۇقى ئاندىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

ياشاش ھوقۇقىنى ھەممىدىن مۇھىم ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقى قىلىش زامانىمىزدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدىغان تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشاش ھوقۇقى ئەڭ جىددىي، ئەڭ رېئال كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر جەھەتتىن، تارىخىي سەۋەب ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم سەۋەبىدىن بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي زىددىيەت، مىللىي زىددىيەت، دىنىي زىددىيەت قاتارلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، كۆپ ھاللاردا جەمئىيەتنىڭ تىنچسىزلىقىنى، ئۆز ئارا قارشىلىششىنى ھەتتا ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مىليونلىغان كىشلەرنى ئىشسىز قېلىش، ۋەيران بولۇش، ئاچارچىلىقتا قېلىش، خانىۋەيران بولۇش گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويماقتا؛ يەنە بىر جەھەتتىن، تەرەققىي تاپقان بەزى دۆلەتلەر زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە جەنۇبتىكى ئەللەر بىلەن شىمالدىكى ئەللەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقىدىن پايدىلىنىپ كۆپلەپ پايدا يۈلۈۋالماقتا، نەتىجىدە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قەرز ئومۇمىي سوممىسى 1994-يىلى 2 تىرليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىلدىن- يىلغا ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ، كۆپلىگەن دۆلەتلەر خەلقىنىڭ كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئومۇميۈزلۈك ھەل قىلىنمىدى، نۇرغۇن كىشلەر ئاچۇ-زارلىقتا، ھالاكەت گىردابىدا جان تالاشماقتا. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ 1993-يىللىق بىر پارچە دوكلاتىدا: "دۇنيا بويىچە 1 مىليارد 400 مىليون ئادەم مۇتلەق نامراتلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىدۇ، يەنە بىر مىليارد ئادەم نامراتلىق گىردابىدا جان تالىشىۋاتىدۇ، ئۇلار بارلىق ئىقتىسادىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان" دېيىلگەن. ئۇنىڭدا "دۇنيادا ئاز دېگەندە ئاھالىنىڭ يېرىمىنىڭ ئاساسلىق كىشىلىك ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان"لىقى ئېتىراپ قىلىنغان. ئاز ساندىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشاش ھوقۇقى ھېلىھەم ئالدىنقى قاتاردىكى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۆلەتلەردە بېيىش-نامراتلىششتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ھادىسىسى، ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئىرقىي كەمسىتىش، ئىجتىمائىي چىرىكلىك، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى، جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى دائىم تەھدىتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئاساسىي ئەركىنلىكى ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممىتىگە كۆپ ھاللاردا ھۆرمەت قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى كۆپ بىر قىسىم ئاھالە نامراتلىق سىزىقى ئاستىدا ھايۋان كەبى تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشاش ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە ئېتراپ قىلىنمىغان ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنمىغان يەردە، باشقا كىشىلىك ھوقۇق دېگەنلەر قۇرۇق گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ياشاش ھوقۇقى مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس دېيىلگەن قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

جۇڭگودا بەزىدە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى بىلەن ياشاش ھوقۇقى ئوخشاشلا مۇھىم ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق قاتارىغا قويۇلىدىغان ئەھۋالمۇ بار، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، بۇ ئىككى خىل ھوقۇق مەزمۇن جەھەتتە بىر-بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن بولۇپلا قالماستىن، ئەمەلىيەتتىمۇ بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ياشاش ھوقۇقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. تەرەققىي قىلىش ھوقۇقى بولسا ياشاش ھوقۇقىنىڭ داۋامى. تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىلا، ئاندىن ياشاش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ياشاش ھوقۇقىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىزچىل، ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؛ بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى بولۇپ قالىدۇ.

## 4. سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى ئۆزئارا بېقىنىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ

ماركسىزم ۋە سوتسىيالىزم كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە ئىقتىسادىي ھوقۇق بىلەن مەدەنىيەت ھوقۇقىنىلا تەكىتلەپ، سىياسىي ھوقۇقنى سەل قارايدۇ دېيىلگەن بىر خىل كۆز قاراش بار. بۇنى ھېچ بولمىغاندىمۇ بىر خىل خاتا چۈشەنچە دېيىش كېرەك.

ماركسىزم شۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىساد — ئاساس؛ سىياسىي — ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى؛ مەدەنىيەت سىياسىي ۋە ئىقتىسادنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتى سىياسىي ۋە ئىقتىسادنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ھەم يەنە سىياسىي، ئىقتىسادقا قارىتا زور ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ئۈچ تەرەپ ئۆزئارا بېقىنىپ، بىر-بىرىنى چەكلەپ تۇرىدۇ، بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. مانا مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەر بىلەن كۆزەتكەندىلا، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھەر تەرەپلىمە بولىدىغانلىقىنى، سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا مەيلى نەزەرىيە جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن، مەلۇم بىر خىل ھوقۇقنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، يەنە بىر

خىل ھوقۇقتا سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش كۆرىشى ياكى كىشىلىك ھوقۇقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدىكى ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەر خىل كىشىلىك ھوقۇق تەلىپىنى تەڭ ئىلگىرى سۈرۈش لازىم دېگەنلىك ئەمەس، ئەلۋەتتە. دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، مەلۇم مەزگىلدە ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىگە قاراپ تەرەققىيات تەرتىپى جەھەتتە ئىلگىرى-كېيىنلىك بولىدۇ. بىراق ستراتېگىيە جەھەتتە، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە، يەنىلا سىياسىي ھوقۇق، ئىقتىسادىي ھوقۇق ، مەدەنىيەت ھوقۇقى قاتارلىق ھەر خىل ھوقۇقلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، بۇ جەھەتتە، جۇڭگونىڭ تەجرىبىسى ئىسپات بولالايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ ئۆز ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۆرەش قىلغاندا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، كىشىلىك ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىپى بىلەن جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى سىياسىي كۆرەشنى بىرلەشتۈرۈشتە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو خەلقى ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئېزىلگۈچىدىن دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ، ئالدى بىلەن دېموكراتىيە ۋە سىياسىي ھوقۇقىغا ئېرىشكەندىن كېيىنلا ئىقتىسادىي ھوقۇق، مەدەنىيەت ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇق قاتارلىق ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاندى ھەمدە ئۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ئەمەلىيەت يەنە شۇنىمۇ ئىسپاتلىدىكى، ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقىنىڭ ئىشقا ئېشىشى، سىياسىي ھوقۇققا ئوخشاش، سىياسىي تۈزۈم ئۆزگەرسىلا ئىشقا ئاشىدىغان نەرسە ئەمەس. ئىقتىسادىي تۈزۈمنى مەمۇرىي كۈچكە تايىنىپ ئۆزگەرتكەندىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىگە باغلىق بولىدۇ. ۋەھالەنكى كونا جۇڭگو قالدۇرۇپ كەتكەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى خېلىلا قالاق بولغاچقا، 1 مىليارد 200 مىليون نوپۇسنىڭ قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياشاش، تەرەققىي قىلىش، بەھرىمەن بولۇش قاتارلىق ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىشىنى ھەرگىزمۇ ھايت-ھۇيت دېگۈچىلا ئىشقا ئاشۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرقانچە ئون يىل ھەتتا بىرنەچچە يۈز يىل جاپالىق كۆرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا دۆلەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. كىشىلىك ھوقۇقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە، خەلق ئاللىبۇرۇنلا ئىگە بولغان سىياسىي ئەركىنلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلغاندىن باشقا، خەلقنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەبىئىي ھالدا

ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ھوقۇق، مەدەنىيەت ھوقۇقى ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇق قاتارلىق ھوقۇقلارنىڭ بەلگىلىنىشى، يولغا قويۇلۇشى ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. بۇ ھوقۇقلارنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە خەلقنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ، يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ. سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلق ئىگە بولغان تۈرلۈك ھوقۇقلار ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا، ماركسىزم يېتەكچى ئىدىيە قىلىنغان سوتسىيالىستىك جۇڭگودا، كىشىلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقى بىلەن ئىقتىسادىي ھوقۇق ۋە مەدەنىيەت ھوقۇقى ئۆزئارا بېقىنىپ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىدۇ.

## 5. كىشىلىك ھوقۇق ئورتاقلىقىمۇ، سىنىپىيلىككىمۇ ئىگە

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئورتاقلىق ۋە سىنىپىيلىك مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش —ماركسىزملىق سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقاتى جەھەتتىكى تەتبىقلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ سىنىپىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش-قىلماسلىق كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىسى تەتقىقاتىدا ئۇزاقتىن بۇيان تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان مەسىلە. بىز شۇنداق دەپ ھېسابلايمىزكى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىشىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئورتاقلىقىمۇ، سىنىپىيلىككىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ شەكلى بىلەن سىنىپىي ماھىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشتا.

تارىختىن قارىغاندا، كىشىلىك ھوقۇق ئىمتىيازغا ئوخشىمايدۇ. قۇللۇق جەمئىيەت بىلەن فېئوداللىق جەمئىيەتتە پەقەت قۇلدارلار ياكى پومېشچىك، ئاقسۆڭەك، راھىپ قاتارلىق ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئەزالىرىلا ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇش لاياقىتىگە ئىگە دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، قۇللار، دېھقانلار، ئادەتتىكى شەھەر ئاھالىسى بۇنداق ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولالمايتتى. كىشىلىك ھوقۇقنىڭ پەيدا بولۇشى دەل ئاشۇ ئىمتىيازنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدۇر. فرانسىيە ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئاساسىي قانۇندا (1791-يىلى): ”بۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۆڭەك، مەرتىۋە، سۇيۇرغاللىق پەخرىي ئۇنۋان، نام پەرقى، فېئوداللىق تۈزۈم، سۇيۇرغاللىق كېسىم ھوقۇقى بولمايدۇ، ھەم يۇقىرىقى تۈزۈملەردىن پەيدا بولغان ھەرقانداق ئۇنۋان ئاتاق ۋە ئىمتىياز بولمايدۇ“. ”ھەرقانداق پۇقرا ياكى ھەرقانداق شەخسنىڭ ھەرقانداق ئىمتىيازى بولمايدۇ“ دەپ ئېنىق جاكارلانغان. 1948-يىلى «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتاپنامىسى»دە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ: ”ھەممە ئادەم مەزكۇر خىتابنامىدە بەلگىلەنگەن بارلىق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە، ئىرقى، رەڭگى جىنسى، تىلى، دىنىي ئېتىقادى، سىيىسىي ئېتىقادى ۋە باشقا كۆز قارىشى، دۆلەت تەۋەلىكى ياكى ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى، مال-مۈلكى، دۇنياغا كېلىشى ۋە باشقا سالاھىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەرقانداق پەرق ئايرىشقا بولمايدۇ“ دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئىمتىيازغا

ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئاز سانلىق كىشىلەر بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىدۇر.

بىراق، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كاپىتالىستىك كىشىلىك ھوقۇقتا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت پاكىتنىڭ بىر تەرىپى، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئاساسلىقى شەكىل جەھەتتىكى تەرىپى؛ پاكىتنىڭ ماھىيەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان تېخىمۇ مۇھىم يەنە بىر تەرىپى شۇكى، كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاستىدىكى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىشىدا، كۈچلۈك بۇرژۇئازىيىۋىلىك بار. بۇنىڭ ئىپادىلىرى شۇكى، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىلىرى بۇرژۇئا دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي-تارىخىي قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى كاپىتالىزمنىڭ مەقستى ۋە ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇڭا ئۇ بۇرژۇئازىيە ئىدىيە سىستېمىسىغا مەنسۇپ؛ دۆلەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتا قارىتا چىقىرىلغان قانۇن بەلگىلىمىسى ۋە ئىجراسىدا "ھەممە ئادەم باراۋەر" دېگەن ئومۇمىيلىق شەكلى بولسىمۇ، بىراق، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئاساسلىقى ئۇ كاپىتالىزمنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ، بۇرژۇئازىيىنىڭ "پاتېنت ئوقى"نى قوغدايدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتىكى بارلىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات كاپىتالىزمنىڭ تۈپ مەنپەئەتى يول قويىدىغان دائىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.

كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئورتاقلىق ۋە سىنىپىيلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەبى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كىشىلەر سىنىپقا ئايرىلغان جەمئىيەتتە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى سىنىپىي مۇناسىۋەتتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ. سىنىپىي ئېزىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقى، پايدا-مەنپەئەت جەھەتتىكى پەرق ۋە قارىمۇقارشىلىق، ھەمدە تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەر كىشىلىك ھوقۇقنىڭ زور ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىكى ئوبيېكتىپ ئاساستۇر. ئوخشاش بولمىغان سىنىپتىكى كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقتا بولغان چۈشەنچىسى، تەلپى ۋە ئەمەلىيىتى تامامەن ئوخشاش بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ جەھەتتە پەرق ھەتتا قارىمۇقارشىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇقەررەر. تېخىمۇ مۇھىمى، كىشىلىك ھوقۇق ئاساسلىقى دۆلەتنىڭ قانۇنى قاتارلىق مەمۇرىي ۋاستىلەرگە تايىنىش ئارقىلىق يولغا قويۇلىدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ، ھالبۇكى، دۆلەت ھامان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قولىدا بولىدۇ، قانۇنمۇ ئاساسلىقى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغدايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رېئال كىشىلىك ھوقۇق قانۇن شەكلى جەھەتتە سىنىپىي ئىمتىيازدىن ھالقىغان، ئومۇمىيلىق تۈسىنى ئالغان، ھەممە كىشى بەھرىمەن بولىدىغان نەرسە بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سىنىپىيلىكى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

ھەققىي پەرق پەقەت شۇ يەردىكى، ئۇ، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەردە يولغا قويۇلغىنى نوپۇسنىڭ ئاز قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدىغان ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كىشىلىك ھوقۇقمۇ، ياكى نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان، پۈتۈن خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان كىشىلىك ھوقۇقمۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بىراق، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، سىنىپىي جەمئىيەتتىمۇ، سىنىپىي كۈرەش ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت بىردىنبىر نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ھەتتا تۈپ مەنپەئەتى بىر-بىرىگە قارشى بولغان سىنىپلار ئوخشاش بىر جەمئىيەتتە ياشىغانلىقتىن، ئۆزئارا بېقىنىشتىن، بىر-بىرىگە سىڭىپ كىرىشتىن ساقلىنالمايدۇ؛ بەزى چاغلاردا ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، مەنپەئەت جەھەتتە مەلۇم مۇرەسسە ھاسىل قىلىدۇ، بىر-بىرىگە يېقىنلىشىدۇ ھەتتا بىردەكلىكنى ساقلايدۇ، شۇنداقلا بىرلىكتە مەلۇم ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. دەل مۇشۇنداق بىر جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەت، مەنپەئەت، ئېھتىياج جەھەتتىكى ئورتاقلىقى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئورتاقلىقىدەك ئوبيېكتىپ ئاساسىنى ھاسىل قىلغان.

## 6. كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك

نۆۋەتتە، غەربتە بىر خىل كىشىلىك ھوقۇق نەزەرىيىسىدە، ”كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ“، ”كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئەلا“ دېگەنلەر تەشەببۇس قىلىنماقتا. ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، بۇنداق كۆز قاراشتا ئىگىلىك ھوقۇقى بىلەن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بىلەن خەلقئارالىق قوغداشنىڭ مۇناسىۋىتى بۇرمىلانغان، بۇ تامامەن خاتا.

ئىگىلىك ھوقۇقى (Sovereigniy) دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى خىل مەنىسى بار: بىرىنچىسى، خەلق ھوقۇقى بىلەن دۆلەت ھوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭدا دۆلەت ھوقۇقىنى خەلق بەرگەنلىكى، خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكى، خەلق بىلەن دۆلەتنىڭ بىردەكلىكى گەۋدىلەندۇرۇلگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىگىلىك ھوقۇقى خەلق ھوقۇقىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، كوللېكتىپلىق كىشىلىك ھوقۇقى، ئەگەر ھۆكۈمەت ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەي، بەلكى پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم دېيىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە توغرا. ئەمما، پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمۇ مۇتلەق ئەمەس، ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشى باشقىلارنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ ھوقۇقىغا زىيان يەتكەزمەسلىكى، بۇنىڭدا دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش، قانۇن-ئىنتىزامغا ۋە ئەخلاق مىزانلىرىغا رىئايە قىلىش ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى لازىم. ئىككىنچىسى، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىگىلىك هوقۇقى دېگەن سۆز دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىك، باراۋەرلىك هوقۇقى دېگەن
مەنىنى بىلدۈرىدۇ. هەرقانداق دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈشكە
بولمايدۇ، بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈش شۇ دۆلەتتىكى بارلىق خەلقنىڭ كىشىلىك
هوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزگەنلىك بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشىلىك هوقۇق بىلەن ئىگىلىك
هوقۇقى بىردەك، شۇنداقلا بۇ بىر خىل كوللېكتىپ كىشىلىك هوقۇقى. شۇڭلاشقا، مەيلى قايسى مەنىدىن
ئالغاندا، ”كىشىلىك هوقۇق ئىگىلىك هوقۇقىدىن ئەلا“ دېگەن سۆز ئارقىلىق كىشىلىك هوقۇق بىلەن
ئىگىلىك هوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يىغىنچاقلاش توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، ئىگىلىك هوقۇقى كىشىلىك
هوقۇقىنىڭ ئاساس ۋە كاپالىتى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىگىلىك هوقۇقى كىشىلىك هوقۇقتىنمۇ مۇهىم.
دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقى قولدىن كەتسە، خەلق مۇستەملىكىچى جاهانگىرلىكنىڭ ۋە زومىگەرلىكنىڭ زۇلمىغا
ئۇچرايدۇ، ئۇ چاغدا كىشىلىك هوقۇقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بىر دۆلەتنىڭ كىشىلىك هوقۇق ئەھۋالىنى
ياخشىلاشنى، ئىگىلىك هوقۇقىغا ئىگە شۇ دۆلەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا
تايىنىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى خەلقئارالاشقانلىقتىن، كىشىلىك هوقۇق-
نىڭ ھەقىقەتەن بىر دۆلەتتىن ھالقىپ خەلقئارا مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىدىغان يەنە بىر تەرىپىمۇ بولىدۇ.
بىراق ھازىرغىچە، شەخسلەرنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى دۆلەت ئىچىدە
بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ كىشىلىك هوقۇقى ماهىيەت جەھەتتە بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى
تەۋەلىكىگە ياتىدىغان مەسىلە. كىشىلىك هوقۇقنىڭ خەلقئارادا قوغدىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىشنىڭ ئاساسلىق
ئوبيېكتى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىغا ۋە مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈشكە بېرىپ
تاقىلىدىغان كوللېكتىپ كىشىلىك هوقۇقى مەسىلىسىدۇر. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋې-
لىش لازىم: بىرىنچىدىن، خەلقئارالىق قانۇننىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ئىگىلىك هوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەردۇر
بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۆلەتتىن ھالقىغان تەشكىلات ئەمەس خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كىشىلىك
هوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتىكى تۈپ مەقستى ۋە بەزى ئېتىراپ قىلىنغان يەر شارى خاراكتېرلىك
كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسىنى، مەسىلەن، مۇھىت هوقۇقى، تىنچلىق هوقۇقى، تەرەققىيات هوقۇقى قاتارلىق-
لارنى، نورمال خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە ھەرقايسى ئىگىلىك هوقۇقىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى قانۇن
تۈرغۈزۈشى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، كىشىلىك هوقۇقنىڭ خەلقئارادا قوغدىلىشى
ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىشنىڭ شەرتى ۋە دائىرىسى بولىدۇ. بۇنىڭدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسى-
نىڭ تۈپ مەقستىگە ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلماي، بەلكى ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش؛ دۆلەتنىڭ
ئىگىلىك هوقۇقىغا ۋە كىشىلىك هوقۇقنىڭ دۆلەت ئىچى تەۋەلىكىگە هۆرمەت قىلىش ئالدىنقى شەرت

قىلىنىشى لازىم. چۈنكى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىر دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پۈتۈن خەلقنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئىتى، شۇنداقلا ئەڭ زور كىشىلىك ھوقۇقتىن ئىبارەت، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش تامامەن بىردەك.

ئاتالمىش "كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دۆلەت چېگرىسى يوق" دېگەن نەزەرىيە كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى دۆلەت تەۋەلىكىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىسمۇ بولىدۇ، مەلۇم دۆلەت باشقا دۆلەت ئىچىدىكى ئۆزى كىشىلىك ھوقۇقىغا ياتىدۇ دەپ قارىغان مەسىلىلەرگە ئارىلاشسا بولىدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقئارادا قوغدىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئارىلىشىشنى بۇرمىلىغانلىق، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياستىنىڭ ئاتالمىش "كىشىلىك ھوقۇق دىپلوماتىيىسى"نى يولغا قويۇشى ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى تەييارلىغانلىق. "كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئەلا"، "كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ" قاتارلىق تەشەببۇسلار قارىماققا "كىشىلىك ھوقۇق ھەممىدىن ئەلا" دېگەن تۇماننى پەيدا قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غەربتىكى بەزى تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمران گۇرۇھلار ئېتىقاد قىلىدىغان قىممەت قارىشى، كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئەندىزىسىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشى ۋە بىردىنبىر كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمى، كىشىلىك ھوقۇق ئەندىزىسى قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى باشقا دۆلەت خەلقلىرىگە تاڭماقچى بولىدۇ. بۇنداق نەزەرىيە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان دۆلەتلەر باراۋەر بولۇش پرىنسىپىغا ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپىغا تامامەن خىلاپ، ئىلمىيلىككە قارشى سەپسەتە، شۇڭا ئۇ تامامەن خاتا.

**(ماقالە ئاپتورى بېيجىڭ داشۆنىڭ پروفېسسورى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەت ئىمىن**

# چەتتىن كىرگۈزۈش بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم

لى زۇڭشۇ

يولداش جياڭ زېمىن «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە مۇھىم مۇناسىۋەت-لەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دېگەن نۇتقىدا مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسەتتى: ”چەتتىن ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش كېرەك، لېكىن چەتتىن كىرگۈزۈشنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئۇستۇنلۇكىمىزنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك“. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش توغرىسىدىكى تەكلىپى»دە مۇنداق دەپ تەكىتلەندى: ”ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن چەت ئەلدىن ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار ياساش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، مۇھىم جاھازلارنى دۆلىتىمىزدە ئىشلەشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم.“ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق پەن-تېخنىكا فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويىمىز؟ قانداق قىلغاندا بۇ فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ بۇنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز ۋە مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## ئۈچ تۈرلۈك ئەندىزە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تۇتقان يولى

ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن چەت ئەلدىن ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش بىر دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ستراتېگىيىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىكى پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ جەھەتتە ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئاساسىي ئەندىزە بار:

بىرىنچىسى، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش، يەنى ئاساسەن ئۆز دۆلىتىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ پەن-تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق شۇ دۆلەتنى

مۇھىم تەتقىقات ساھەلىرىدە پەننىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزۈش، تېخنىكا سەۋىيىسى جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭغۇزۇش. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ دۇنيا بويىچە پەن-تېخنىكا مەركىزى بولۇپ ئۆتكەن دۆلەتلەر (ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا قاتارلىقلار)نىڭ ھەممىسى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق ياراتقۇچىلاردۇر. پەن-تېخنىكا ئىشلىرىدا دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭىمىز دەيدىكەنمىز، ئۈزلۈكسىز تۈردە يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشىمىز، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىشىمىز، ئىجاد قىلىشىمىز، باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يولدا مېڭىشىمىز كېرەك. بىراق بۇ يول ھەر قەدەمدە قىيىنچىلىق ئۇچراپ تۇرىدىغان مۇشكۈل يولدۇر، بۇ يولدا مېڭىش ئۈچۈن، يۇقىرى سۈپەتلىك پەن-تېخنىكا قوشۇنى بولۇش، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پەن تەتقىقات كۈچى بولۇش ۋە تولۇق مەبلەغ ۋە ئۈسكۈنە بولۇش قاتارلىق شەرت-شارائىتلار ھازىرلىنىشى كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يېڭىلىق يارىتىشتىن كېلىدىغان غايەت زور خىيىم-خەتەرنىمۇ ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچىسى، نوقۇل ھالدا تەقلىد قىلىش، يەنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش تەتقىقاتىنى ئاساسەن دېگۈدەك ئېلىپ بارماسلىق، چەت ئەللەرنىڭ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە كەشپىيات پاتېنتلىرىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش. بۇ، كۆپ ھاللاردا، ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ جۈملىدىن قىسمەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئەندىزىسىدۇر. پەن-تېخنىكا تەرەققىي تاپمىغان ياكى قانۇن-نىزام مۇكەممەل بولمىغان مەزگىللەردە، بۇ يولدا مېڭىش ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىن كۆپ سېلىنما سېلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تەييارغا ھەييار بولۇش يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن باشقىلارغا قەدەممۇ قەدەم ئەگىشىپ مېڭىپ، مەڭگۈ دورامچىلىق قىلغانلار ئۆزىنىڭ ئارقىدا قېلىش ھالىتىنى ۋە پاسسىپ ھالەتتە تۇرۇش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۈچىنچىسى، تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، يەنى چەت ئەلدىن كۆپ مىقداردا ئىلغار تېخنىكىنى كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پائال تۈردە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش، ھەم تەقلىد قىلىش، ھەم يېڭىلىق يارىتىش، تەقلىد قىلىش داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىش. بۇ كۆپ سانلىق دۆلەتلەر پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ماڭماي بولمايدىغان مۇقەررەر يولدۇر.

”تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش“تە تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىككە كېلىشى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. يېڭىلىق يارىتىش تەقلىد قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ، تەقلىد قىلىش يېڭىلىق يارىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، ھەر ئىككىسى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەندە، ھەم ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىشنىڭ سېلىنما ۋە زۆرۈر شەرت-شارائىتقا بولغان يۇقىرى تەلىپىنى تۆۋەنلەتكىلى، ھەم نوقۇل ھالدا تەقلىد قىلىدىغان پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتكىلى، باشقىلارنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ، ”99℃+1℃“لۇق قايناش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ

خىل ستراتېگىيە پاسسىپ ستراتېگىيىدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە يۇقىرى سەۋىيىدىن باشلىنىدىغان، ئادەتتىكىدىن باشقىچە بولغان، چات ئارىسى ئۇزۇن بولغان تەرەققىيات ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى چەت ئەللەرنىڭ خېلى تەرەققىي تاپقان پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆزىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، نورمال جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدىغان تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، باشقىلار ماڭغان ئەگرى يولدا ماڭماي ياكى ئازراق مېڭىپ، پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۆچقاندەك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىك-تۇر. دۇنيادا يېقىنقى بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا باشلامچى بولغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى تەقلىد قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش ستراتېگىيىسىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن. مەسىلەن، گېرمانىيە ئەنگلىيىنىڭ سانائەت تېخنىكىسىنى تەقلىد قىلىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلەن، كېيىن كەلگەن تۆرگە چىقىپتۇ دېگەندەك ئەنگلىيىدىن ئېشىپ كېتىپ، ياۋروپادا دەۋران سۈرگەن. ئامېرىكا ياۋروپادىن ئىلغار پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تايىنىپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ياپونىيە بۇنىڭغا ئەڭ تىپىك مىسال بولالايدۇ، ئۇ ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ''ئومۇملاشتۇرۇش'' ئاساسىدا يېڭىلىق ياراتقان بولغاچقا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە خاراب بولۇشقا يۈزلەنگەن كىرىزىستىن ۋە دۆلەت زېمىنى تار بولۇش، ئاھالىسى كۆپ، ئاپىتى كۆپ بولۇش، بايلىقى كەمچىل بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن پەيدا بولغان قىيىنچىلىقتىن تېزلا قۇتۇلۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئەسلىگە كېلىپ ۋە گۈللىنىپ، نۇرغۇن تەتقىقات ساھەلىرىدە ياۋروپا ئەللىرى ۋە ئامېرىكىدىن ئېشىپ كەتتى. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى تېزدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەمدە ئالدىنقى قاتاردىكى دۆلەتلەرگە يېتىشىۋېلىش، ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشنىڭ بىردىنبىر يېقىن يولىدۇر.

دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ''تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش'' يولىدا مېڭىش دۆلىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھەتتا بۇندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق مەزگىلدىكى ئەڭ ياخشى تارىخىي يول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىنى تاللىشىدا شۇ دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى ئاساس قىلىنىشى لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ شۇنى بىلىمىزكى، بىر تەرەپتىن، ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىشقا زۆرۈر شەرت-شارائىتلار تېخى ھازىرلانمىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخ-نىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يەنە بىرمۇنچە پايدىلىق ئامىللىرىمۇ بار. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى باشلانغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە پەن-تېخ-نىكا ئىشلىرىنىڭ قىياپىتىدە ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان غايەت زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ، پەن-تېخنىكا

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەت مۇئەييەن ئەمەلىي كۈچكە ۋە ئاساسقا ئىگە بولدۇق، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىز خېلى ئاشتى، بەزى مۇھىم پەن-تېخنىكا ساھەلىرىدە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقىمىز كىچىكلەپ، خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بىر تۈركۈم مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ھازىر، مەملىكىتىمىزدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلاردا ئىشلەۋاتقان كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى 18 مىليون 600 مىڭدىن ئېشىپ، پەن تەتقىقات قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ئادەم سانى ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىنىڭكىدىن قالسا دۇنيا بويىچە تۆتىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ بىزنىڭ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتىساسلىق خادىم جەمەتتىكى ئەۋزەللىكىمىزدۇر. دېمەك، بىز ئۆزىمىزنى بەك تۆۋەن چاغلاپ، باشقىلارغا ئەگىشىپ مېڭىپ نوقۇل ھالدا دورامچىلىق قىلىدىغان، خەقنىڭ نەرسىسىنى ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىدىغان يولنى تۇتماسلىقىمىز لازىم. قىسقىسى، بىزنىڭ پۈتۈنلەيلا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، نوقۇل ھالدا دورامچىلىق قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالساقمۇ بولمايدۇ، بەلكى چەت ئەلدىن پايدىلىق تۇردە ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە مىللەتلىرىمىزنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە يارىتىشىمىز كېرەك.

## "تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش" فاڭجېنى ئارقىلىق چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى باشلانغاندىن بۇيان، دۆلىتىمىز چەتتىن زور بىر تۈركۈم ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى نۇرغۇن بوشلۇقنى تولدۇرۇپ، تېخنىكا جەھەتتىن قوراللىنىش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈردى. نۆۋەتتىكى رېئال ئېھتىياجدىن قارىغاندا، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى توختاتمايلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جەھەتتە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش بىلەن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە ئۈنۈملۈك بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

**(1) ماكرولۇق باشقۇرۇش ۋە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈشنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك**

نۆۋەتتە، بىز بىرىنچىدىن چەتتىن قارىغۇلارچە كىرگۈزىدىغان، يەنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ۋە پايدىلىنىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىغا، مەبلەغ شارائىتىمىزنىڭ كۆتۈرۈش-كۆتۈرەلمەسلىكىگە ۋە تېخنىكا سەۋىيىمىزنىڭ لايىق كېلىش-كەلمەسلىكىگە قارىماي، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈشكە بېرىلىپ كېتىدىغان، ئىككىنچىدىن، چەتتىن تەكرار كىرگۈزىدىغان، جۈملىدىن چەت ئەللەرنىڭ ئوخشاش تۈردىكى تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلىرىنى خىلمۇخىل يوللار بىلەن ئارتۇقچە كىرگۈزىدىغان، شۇنداقلا شۇ خىلدىكى، شۇ سەۋىيىدىكى تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە دۆلىتىمىزدە بار تۇرۇغلۇق ئورۇنسىز كىرگۈزىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تونۇش ۋە تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. قارىغۇلارچە، تەكرار كىرگۈزۈش بولۇپمۇ چوڭ تىپتىكى تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى قارىغۇلارچە، تەكرار كىرگۈزۈش دۆلىتىمىزگە خېلى چوڭ ئىسراپچىلىقلارنى كەلتۈرگەندى، بۇ خاتا يولدا ئىككىنچى ماڭماسلىقىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار مۇنۇلار:

**چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان تېخنىكىلارنى تاللاش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش لازىم.** بىر دۆلەتنىڭ چەت ئەلدىن ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشتىكى تاكتىكىسى شۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە پەن-تېخنىكا ئەھۋالى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقاندا، دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەلدىن ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش ئىشىنى تاللاش ۋە تىزگىنلەش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، يەنى چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان كونكرېت تۈرلەرنى، ئۇنىڭ مىقدارىنى ۋە جىددىيلىك دەرىجىسىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەش لازىم. دۆلىتىمىزدە يوق، ئۆزىمىزگە جىددىي ئېھتىياجلىق ئىلغار تېخنىكىلارنى مالىيە كۈچىمىز يار بەرسىلا دادىل كىرگۈزۈشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، مۇھىم بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، يەنى كىرگۈزۈلىدىغان تۈرلەرنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىملىقىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك. تەتقىق قىلىشقا تېخى قۇربىمىز يەتمەيۋاتقان مۇھىم ئاساسىي نەزەرىيە ۋە تېخنىكىلارنى، پەن-تېخنىكا ئېقىمىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان يېتەكچى تېخنىكىلارنى شۇنىڭدەك ئىلىم تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنى تەڭشەيدىغان ياكى تىزگىنلەيدىغان ھالقىلىق تېخنىكىلارنى پىلانلىق ھالدا پائال كىرگۈزۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، زۆرۈر بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، يەنى قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئانچە زۆرۈر ئەمەستەك ياكى ئانچە مۇھىم ئەمەستەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئىقتىساد ۋە پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇزۇن كەلگۈسى تەرەققىياتىغا يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئىلغار تېخنىكىلارنىمۇ مۇۋاپىق دەرىجىدە

كىرگۈزۈش لازىم.

**چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈشنى نازارەت قىلىش-تىزگىنلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك.** باشقۇرۇشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، تەكشۈرۈشنىڭ چىڭ بولماسلىقى چەتتىن قارىغۇلارچە كىرگۈزۈش، تەكرار كىرگۈزۈشتىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش ئىشىنى ماكرولۇق تەتقىق قىلىش ۋە تىزگىنلەشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش ئىشىدىكى دەلىللەش ۋە مەلۇم قىلىش-تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. چەتتىن كىرگۈزۈلىدىغان تېخنىكىلارنىڭ بولۇپمۇ كۆپ مەبلەغ كېتىدىغان مۇھىم تېخنىكىلارنىڭ تۈرى، سورتى، ئىقتىدارى ۋە باھاسى قاتارلىقلارنى ئىلمىي ئاساستا دەلىللەشكە، قاتتىق تەكشۈرۈپ، تاللاپ، پىلانلىق تەستىقلاشقا مەسئۇل بولىدىغان پەن-تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى، پەن-تېخنىكا باشقۇرۇش مۇتەخەسسىسلىرى ۋە فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپقان مەخسۇس ئورگان قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن. مەسىلەن، چەتتىن كىرگۈزۈش جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ھالقىلىق تېخنىكىلارنى پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي، تازا ئۈنۈملۈك ھالدا كىرگۈزۈش كېرەك؛ ئۆزىمىز تەتقىق قىلىپ يارىتالايدىغان تۈرلەرنى چەتتىن كىرگۈزمەسەكمۇ بولىدۇ؛ چەتتىن كىرگۈزسەكمۇ بولىدىغان، كىرگۈزمىسەكمۇ بولىدىغان، ياكى چەتتىن كىرگۈزۈش تازا ئېھتىياجلىق بولمىغان تۈرلەردىن ئۆزلۈكىمىزدىن ۋاز كېچىشىمىز ياكى ئۇنى قويۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

**چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈشنىڭ يۈنىلىشىنى پائال تەڭشەش لازىم.** دۆلىتىمىزنىڭ چەتتىن كەڭ كۆلەمدە تېخنىكا كىرگۈزۈش ئىشى ئون نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە، ھازىرقى ئاساسى ۋە سەۋىيىنى چىقىش قىلىپ بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇشىمىز زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇمكىن. "تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش" تەلىپى بويىچە بولغاندا، بۇندىن كېيىنكى چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش ئىشىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تەڭشەش كېرەك: بىرىنچىدىن، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە، ئەمەلىي ئىشلىتىشنى كۆزدە تۇتۇشتىن پەيدىنپەي تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇشقا قاراپ بۇرۇلۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىز قوغلاپ تەقلىد قىلىشنى يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشىمىز، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن شارائىت يارىتىشىمىز ۋە ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، مۇھىم نۇقتا جەھەتتە، چەتتىن قاتتىق ماتېرىيالنى كىرگۈزۈشنى ئاساس قىلىشتىن پەيدىنپەي يۇمشاق ماتېرىيالنى كىرگۈزۈشنى ئاساس قىلىشقا قاراپ بۇرۇلۇش كېرەك. چەت ئەلدىن مەھسۇلات، ئۈسكۈنە، ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قاتارلىق قاتتىق ماتېرىيال تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭغا مۇناسىپ بولغان يۇمشاق ماتېرىيال تېخنىكىسىنى (تېخنىكا سىرلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، مەسىلەن خاس تېخنىكا، ماتېرىيال، ئۇچۇر، چېرتيوژ، نەزەرىيە، باشقۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىمۇ كىرگۈزۈش كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن

قارىغاندىمۇ، خەلقئارادىكى ئەھۋالدىن قارىغاندىمۇ، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلارنىڭ ھەممىسى چەتتىن يۇمشاق ماتېرىيال تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈشكە ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۈچىنچىدىن، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش ئۇسۇلى جەھەتتە، نوقۇل ھالدا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كىرگۈزۈشتىن پەيدىنپەي چەتتىن كىرگۈزۈش بىلەن ھەمكارلىشىش، ئالماشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە قاراپ بۇرۇلۇش كېرەك.

## (2) چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئىشلارنى ياخشى ئىشلەپ، ھەزىم قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك

چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزگەندىن كېيىنكى ئىشنى ياخشى ئىشلەشكە، يەنى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى ھەقىقىي تۈردە ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈشنىڭ بىرەر دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ھەرگىزمۇ چەتتىن كىرگۈزۈشنىڭ ئۆزىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى چەتتىن كىرگۈزگەندىن كېيىن ئۇنى ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش-ئۆزلەشتۈرەلمەسلىككە ۋە يېڭىلىق يارىتىش-يارىتالماسلىققا باغلىق بولىدۇ. ئەگەر چەتتىن كىرگۈزۈلگەن ۋاقىتتىكى تېخنىكا سەۋىيىسىدە توختاپ قېلىپ، پائال تۈردە ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرەلمىسەك ۋە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرالمىساق، ئۇ ھالدا چەتتىن كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ھەرقانچە پۇختا ئىشلىگەن بىلەنمۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئۇزاققا بارمايدۇ. بىرمۇنچە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئىشنى باشقىلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى ئۆگىنىش، تەقلىد قىلىش ۋە چەتتىن كىرگۈزۈشتىن باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىدىكى سىرى شۇكى، ئۇلار ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىپ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نەرسىلىرىگە ئايلاندۇرغان ۋە شۇ ئاساستا ئىلگىرىلەپ باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكەن. دۆلىتىمىزنىڭ چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش خىزمىتىنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى كۆرىمىزكى، بىز بۇ مەسىلىگە ئېتىبار بەرگەن بولساقمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزگەندىن كېيىنكى ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىشىنى تۇتۇشىمىز تولىمۇ يېتەرسىز بولدى. نۇرغۇن كارخانىلىرىمىز چەتتىن تەييار ئۈسكۈنە ۋە دېتال-زاپچاس قاتارلىقلارنى كىرگۈزۈپ قۇراشتۇرۇش ۋە تەقلىد قىلىپ ياساش بىلەنلا قانائەتلەندى، ئۇلار مۇشۇنداق قىلساق، قىسقا ۋاقىت، ئاز كۈچ بىلەن تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز، دەپ قاراپ، شۇ تېخنىكىنىڭ قائىدىسى ۋە سىرىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئىگىلەشكە، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى كىشىنى غەمگە سالىدۇ.

مۇشۇنداق پاسسىپ ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مۇھىمى، چەتتىن كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنى ھەقىقىي ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا «ئىككىنچى قېتىملىق يېڭىلىق يارىتىش» ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان تېخنىكىنى ئىگەللىۋېلىش لازىم. بۇ جەھەتتە، ياپونىيىنىڭ بەزى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلساق بولىدۇ: بىرىنچىسى، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىنى تۇتۇش، يەنى چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەش. 40-يىللاردا ياپونىيە پولات تاۋلاش تېخنىكىسى جەھەتتە ئىلغار دۆلەتلەردىن ئاز كەم 20 يىل كېيىن تۇراتتى. 50-يىللارغا كەلگەندە، ئۇلار ئاۋسترىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن تۆپىسىدىن ئوكسىگېن بېرىدىغان ئايلانما مەشتە پولات تاۋلاش تېخنىكىسى قاتارلىق تېخنىكىلارنى كىرگۈزگەن، 1956-يىلى بىرنەچچە چوڭ كارخانا بىرلىشىپ بەرپا قىلغان مەخسۇس تەتقىقات ئورگانلىرى تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىككى يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا ئومۇميۈزلۈك تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. 1962-يىلى، تۆپىسىدىن ئوكسىگېن بېرىدىغان ئايلانما مەشنى ئاساس قىلىدىغان ياپونىيە پولات-تۆمۈر سانائىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار ئايلانما مەشتىن چىققان كېرەكسىز گازلارنى يىغىۋېلىش بويىچە چەتتىن كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىغا قارىغاندا مۇكەممەل بولغان ئۇسۇلنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەمدە ئۇنى پاتېنت قىلىپ، ئامېرىكا، ئاۋسترىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغان. ئىككىنچىسى، ئۆزگەرتىش يولىنى تۇتۇش، يەنى چەتتىن كىرگۈزۈلگەن تېخنىكىلارنىڭ ئاجىز ھالقىلىرىدا يېڭىلىق يارىتىش. ياپونىيە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن پائال تۈردە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، ئىتالىيەلەرنىڭ بىرىكمە تالا ئىشلەش جەھەتتىكى ئاساسىي تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزگەندىن كېيىن، يەنە ئۇنى ئاسان كۆيمەيدىغان، توك ئۆتكۈزمەيدىغان، بۇلغانمايدىغان قىلىپ ئالاھىدە پىششىقلاپ ئىشلەش جەھەتتە تېخنىكا ياخشىلاش ئىشىنى ئېلىپ بارغاچقا، دۇنيا بويىچە بىرىكمە تالا تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رىقابىتىدە تېزلىكتىلا ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۈچىنچىسى، چېتىش يولىنى تۇتۇش، يەنى چەت ئەلنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىدىكى تېخنىكىسىنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىككىنچى بىر ساھەسىگە تەتبىقلاش. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە چەت ئەلدىن كىرگۈزگەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كىمسازلىق سانائىتىدى-كى لايىھىلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىگە تەتبىقلاپ، كېمىنىڭ بېشىنى دولقۇننىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئازايتىدىغان توپسىمان قىلىپ ياساپ چىقىپ، ياپونىيىنىڭ كېمە ئېكسپورتىنى كېڭەيتكەن. تۆتىنچىسى، بىرىكتۈرۈش يولىنى تۇتۇش، يەنى چەت ئەلنىڭ كۆپ خىل تېخنىكىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش، ياپونىيە ئىزچىل تۈردە «ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيەت دېمەكتۇر» دەيدىغان ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن، ناتسۇنال ئېلېكتر ئەسۋابلىرى شىركىتى سانائىتى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 300دىن ئارتۇق يېڭى تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ھەمدە بۇ يېڭى تېخنىكىلارنى

ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش ئاساسىدا، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى تېلېۋىزور مەھسۇلاتىنى مەيدانغا چىقارغان. بىز چەت ئەللەرنىڭ چەتتىن كىرگۈزگەن تېخنىكىلارنى ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ۋە «ئىككىنچى قېتىملىق يېڭىلىق يارىتىش» ئىشىنى ئېلىپ بېرىش جەھەتتىكى پايدىلىق تەجرىبە ۋە چارە-ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭى تەجرىبە، يېڭى يوللارنى ئۈزلۈكسىز تېپىپ چىقىشىمىز لازىم.

## «تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش» داۋامىدا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك

«تەقلىد قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈش» ئومۇمەن «تەقلىد قىلىشنى ئاساس قىلىش» بىلەن «يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساس قىلىش»تىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا ئايرىلىدۇ. ھازىر، دۆلىتىمىز «تەقلىد قىلىشنى ئاساس قىلىش»تىن «يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساس قىلىش»قا قاراپ بۇرۇلۇش ياساۋاتقان مەزگىلدە تۇرماقتا. ھازىرقى دۇنيادىكى پەن-تېخنىكا رىقابىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات يۈزلىنىشمۇ دۆلىتىمىزنىڭ «تەقلىد قىلىشنى ئاساس قىلىدىغان» تارىخقا تېزدىن خاتىمە بېرىپ، «يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساس قىلىدىغان» يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مۇنۇ تەلەپلەرنى ئورۇندىشىمىز لازىم.

### 1. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى ئاگاھلىق ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىرقى خەلقئارا شارائىتتا، چەتتىن كىرگۈزۈش ۋە تەقلىد قىلىش جەھەتتە يېڭى قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتىمىز. خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى مۇسابىقىسى كۈنسايىن كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، پەن-تېخنىكا مەخپىيىتىنى ساقلاش ۋە قامال قىلىش ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ، ئىلغار تېخنىكىلارنى ئەينەك قىلىش ۋە چەتتىن كىرگۈزۈشنى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچراتماقتا. خەلقئارادا پەن-تېخنىكا ئالماشتۇرۇش تەرتىپىنىڭ پەيدىنپەي ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى تەقلىد قىلىش ۋە ئۇنى كىرگۈزۈش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەلمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارىدۇ. دۇنيادىكى بەزى ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر دۆلەت يۇقىرى پەن-تېخنىكا ۋە دۆلەت مۇداپىئەسىگە ئائىت

پەن-تېخنىكا ساھەلىرىدە قىلچە مەنپەئەتنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى، ئەڭ ھالقىلىق پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئاسانلىقچە باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. ھازىرقى زاماندا پەن-تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، تېخنىكىدا يېڭى بىلەن كونىنىڭ ئالمىشىشى بارغانسېرى تېزلىشىۋاتىدۇ، ھازىر ئىلغار دەپ تونۇلغان تېخنىكىلارمۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئارقىدا قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيە-سىگە يېتىشىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشىنىڭ تۈپ چىقىش يولى دۆلىتىمىزنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قان ياساش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتا. يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك پەن-تېخنىكا يىغىنىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "يېڭىلىق يارىتىش بىر مىللەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن يېتەكچى ئامىل، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدىغان تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەلمىسەك، چەتتىن تېخنىكا كىرگۈزۈش بىلەنلا جان باقىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا تېخنىكىدىكى قالاقلىق ھالىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز. يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى يوق مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى تەس بولىدۇ." زامانىمىزدىكى كۈنسايىن ئۆتكۈرلىشىپ، كەسكىنلىشىپ بېرىۋاتقان خەلقئارالىق پەن-تېخنىكا رىقابىتى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى جەھەتتە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى يېڭى، قاتتىق مۇسابىقىگە چاقىرماقتا. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بىز چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش، چەتتىن كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئېغىشماي ئۆستۈرىدىغانلا بولساق، پەن-تېخنىكا جەھەتتە ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز ئىگەللەپ، دۆلىتىمىزنى خەلقئارادا پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە ئالغا كەتكەنلەر قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيمىز.

## 2. چەكلىك نىشاننى بەلگىلەش، مۇھىم نۇقتىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت يېڭىلىق يارىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىش كېرەك

بىزنىڭ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، "يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساس قىلىش" ستراتېگىيىسىنى تەكىتلىگەنلىكىمىز ھەرگىزمۇ ھەر تەرەپتىن تۇتۇش قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىق بولماستىن، بەلكى يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىمىزنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم نىشانىنى ۋە ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلىرىنى تېخىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاشنى تەلەپ قىلغانلىقتۇر. ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، باشقا-باشقا ساھەلەردە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ سالمىقى، كۆلىمى ۋە نىشانىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقات ساھەسىدە "بىرىنچىلىكلا باركى، ئىككىن-چىلىك بولمايدۇ"، يېڭىلىق يارىتىش ھەممىدىن مۇھىم، ئۇنىڭدا چوقۇم يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساس قىلىش

كېرەك. بىراق ئۇنىڭدا مۇھىم نۇقتىنى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئائىت ئاساسىي نەزەرىيە ۋە تېخنىكا مەسىلىلىرى ئۈستىگە قويۇش، ئومۇمىيلىق تۈسىنى، ساپ ئىلىم-پەن تۈسىنى ئالغان ياكى رېئال ئېھتىياج بىلەن زىچ ئالاقىسى بولمىغان تەتقىقات تېمىلىرىدىن دادىل ۋاز كېچىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېزدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار كەسىپلەر نۆۋەتتىكى خەلقئارا ئىقتىسادىي رىقابەت ۋە پەن-تېخنىكا رىقابىتىدە سەزگۈر ساھە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى پەن-تېخنىكا تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى بەلگىلەيدىغان كونترول قىلىش نۇقتىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا تەتقىقاتىدا يېتەكلىك يارىتىشقا پائال ئىلھام بېرىپ، يېتەكلىك يارىتىشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز، چەكلىك تەتقىقات ساھەسىدە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار كەسىپلەردە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھىم نۇقتىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، كونترول قىلىش نۇقتىسىنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئىگەللىۋېلىشىمىز كېرەك. يېتەكلىك يارىتىشنىڭ نىشان ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلىگەندە، يالغۇز ئېلىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىنىلا نەزەرگە ئېلىپ قالماستىن، پەن-تېخنىكا ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى رېئال مۇمكىنچىلىكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگىمۇ قاراش كېرەك. ھەددى-ھېسابسىز مەبلەغ سەرپ قىلغانلىقنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق ۋاقىت ھەپىلىشىپمۇ ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمىغان "سۆرەلمە" تۈرلەردىن توختىتىشقا تېگىشلىكلىرىنى قەتئىي توختىتىش كېرەك. مەلۇم ئاساس سېلىنغان ۋە ئۈستۈنلۈك قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىلىم-پەن ساھەلىرىدە بولسا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چىڭ تۇتۇپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش كېرەك.

## 3. پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى يېتەكلىك يارىتىشقا بولغان ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك

بىر دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى يېتەكلىك يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە نۇرغۇن ئامىللار رول ئوينايدۇ، دۆلەت، كارخانا، تەتقىقات ئورگىنى، ئالىي مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي كۈچ قاتارلىق ھەر تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ، دۆلەتنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى يېتەكلىك يارىتىشقا بولغان ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش ۋە تەڭشەش-تىزگىنلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇش بولسا بۇنىڭ يادروسىدۇر. دۆلەت بىر قاتار مەملىكەت خاراكتېرلىك پەن-تېخنىكا پىلانىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى پۈتكۈل پەن-تېخنىكا خىزمىتىنى يېتەكلەيدىغان يېتەكچىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى يېتەكلىك يارىتىشنى گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم. سىياسەت جەھەتتە پەن-تېخنىكا ساھەسىدە يېتەكلىك يارىتىشقا زور كۈچ بىلەن ئىلھام بېرىش ۋە مەدەت بېرىش كېرەك. پەن-تېخنىكىغا مالىيە جەھەتتىن سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىش پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى يېتەكلىك يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، مەبلەغ ۋە ماددىي ئەشيا جەھەتتە كۈچلۈك يار-يۆلەكنىڭ بولۇشى

تېخىمۇ زۆرۈر. مەركىزىي كومىتېت بىلەن گوۋۇيۈەن شۇنى قارار قىلدىكى، بۇندىن كېيىن مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مالىيىسىدىن ھەر يىلى پەن-تېخنىكىغا سېلىنىدىغان سېلىنمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مالىيە كىرىمىنىڭ يىللىق ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. 2000-يىلىغا بارغاندا، پۈتكۈل جەمئىيەت-نىڭ پەن تەتقىقاتى تەرەققىيات خىراجىتىنى دۆلىتىمىز ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان قىلىش كېرەك. بىز ھازىرقى بار خىراجەتنى ئاساس قىلىپ، پەن-تېخنىكا بويىچە يېڭىلىق يارىتىشقا سېلىنىدىغان سېلىنمىنىڭ نىسبىتىنى ئىمكانقەدەر زورايتىشىمىز، زۆرۈر تېپىلغاندا، يېڭىلىق يارىتىشقا ئائىت تەتقىقات تېمىسىغا يار-يۆلەك بولىدىغان بىر مۇكاپات فوندىنى تەسىس قىلىشىمىز كېرەك. دۆلەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن چەت ئەلدىن ئىلغار تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈشنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۈرۈش قىلىش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، دۇنيا پەن-تېخنىكى-سىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولغان، پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق ياراتقۇچى ئىختىساس ئىگىلىرى قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى كېرەك.

**(ئاپتور جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەربىي تىببىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇدىرى، شاۋجيالىڭ)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**
**مەسئۇل مۇھەررىر: رىسالەت ئابلا**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 04>

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号：M5—V 刊号：ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:1.80元 邮政编码 100013